
باتۇر روزى



4

شەرقنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى

# فارابى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر
شەرقنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى
فارابى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1

ISBN7 - 228 - 08013 - 0
套价:30.00元

رەسىمنى ئىشلىگۈچى : مۇراددىل ئابد
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : مۇراددىل ئابد

## تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 1

1. ئىسلامىيەت پەيغەمبىرى ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
2. نىرۋانا يولى ــــــ ساكيامۇنى
3. جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ روھى ــــ كۇڭزى
4. شەرقنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى ــــ فارابى
5. بەخت ـ سائادەت ئەلچىسى ــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ISBN 7-228-08013-0
9 787228 080137 >

4

باتۇر روزى

# شەرقنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى

# فارابى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئۇيقۇ بىلەن خۇشى يوق بالا ........................ 1
قىلىچ ئاستىدىكى ئېتىقاد ........................ 9
مەدەنىيەت بۆشۈكى ........................ 18
كۈلكە ئەمەس، تېپىشماق ........................ 25
ئىلىم ئەجدىھاسى ........................ 29
دار ئالدىدا تۇتقان يىغا ........................ 33
يول تەڭرىگە ........................ 40
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن
ئوخشىغان ........................ 68
قاراۋۇللۇق چىرىغى ئاستىدا ........................ 72
دۆلەت ئۇستازى ........................ 83
پىشماي قالغان سىر ........................ 94

图书在版编目(CIP)数据

法拉比/巴图尔著；—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.5
（历史人物故事丛书．第1辑）
ISBN 7—228—08013—0

Ⅰ．法… Ⅱ．巴… Ⅲ．故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 035663 号

责任编辑：安尼瓦尔・沙比提
责任校对：沙娜瓦尔・伊布拉音
封面设计：穆拉丁・阿比迪

历史人物故事丛书 第1辑
(4)
东方伟大的哲学家—法拉比（维吾尔文）

巴图尔・肉孜 著

# ئۇيقۇ بىلەن خۇشى يوق بالا

مىلادىيە 870 ـ يىلى، كەچكى قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى كۈنگەي تەرەپتىكى قەدىمكى توغراقلارنىڭ قىل ئۇچىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىگە جايلاشقان ۋاسىج ھەربىي قەلئەسىنىڭ خاڭ بىلەن قاڭدالغان ئېگىز ـ ئېگىز سېپىللىرىنى سۈس يورۇتۇپ تۇراتتى. غۇر ـ غۇر شامال شەھەر ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئارامبەخش، نەم ھاۋاسىنى قەلئەگە ئۇچۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. كۈندۈزى قۇياش تەپتىدە تونۇردەك قىزىپ كەتكەن شەھەر كوچىلىرى گۈگۈم چۈشۈپ، ھاۋا تەدرىجىي سوۋۇشقا باشلىشى بىلەنلا ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر بىلەن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى...

ھايال ئۆتمەي ھەممە نەرسە كېچە قاراڭغۇلۇقىغا چۆكتى. تىنىق ئاسمان بارغانسىرى روشەنلىشىپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، ئاي كۆتۈرۈلدى. ئەمدى شەھەرنىڭ بەھەيۋەت كەلگەن تۆت چاسا سېپىلى، بۇلۇڭدا تاقىشىپ تۇرغان پەشتاق مۇنارلىرى، توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا ئۆز ئارا گىرەلەشمە ھالەتتە سوزۇلغان كوچىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. جەنۇبقا قاراپ پايانسىز سوزۇلۇپ كەتكەن بوستانلىق سۈتتەك ئاي نۇرىدا سۈكۈتكە چۆمگەندەك بىر خىلدا قارىيىپ ياتاتتى.

سېپىل ئۇستىدىكى لەشكەرلەر ئەتراپتىكى شەپلەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن قۇلاق سېلىپ، قىلىچ ۋە ئايپالتىلىرىنى چىڭ تۇتقان هالدا سۈرلۈك قىياپەتتە قېتىپ تۇرۇشماقتا. سېپىل ئەتراپىدىكى لىق سۇ توشتۇرۇۋېتىلگەن خەندەكلەر سۇتتەك ئاي نۇرىدا كۈمۈش يىلاندەك سوزۇلۇپ، ئەتراپقا ۋەهىمە تارقىتىپ تۇراتتى. ئادەتتە سېپىل ئۈستىدىكى خەندەكلەرگە ئارتىلدۇرۇپ قويۇلىدىغان ئاسما كۆۋرۈكلەرنىڭ هەممىسى دېگۈدەك يىغىۋېلىنغانىدى. تۆت تەرەپتىكى شەهەر قوۋۇقلىرىمۇ هىم ئېتىۋېتىلگەنىدى. مانا بۇلار شەهەرنىڭ يېقىندىن بۇيانقى مۇداپىئە ئەهۋالىنىڭ قاتتىق كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

ئاي نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەهەل. شەهەرنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىكى قوۋۇقى قىيا ئېچىلىپ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرغىنىچە يىراقتىن ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن بىر كۆزەتچى لەشكەر كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە جۇۋازدەك غىسىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ يېپىلىپ قالدى.

كۆزەتچى لەشكەر شەهەر مەركىزىدىكى هەربىي كېڭەش جايلاشقان بىناغا يېتىپ كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئالدىراش ئوردىغا كىرىپ كەتتى.

بۈگۈن ئوردا ئىچى ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل سۈرلۈك كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ، نەيزە ـ قىلىچلىرىنى چىڭ تۇتقان مۇهاپىزەتچىلەر هەربىر ئايلانما ۋە ئىشىكلەردە بۈتتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. قوبۇلخانىغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن هەم كەڭرى يولغا ئۇنتاشتەك پاياندازلار سېلىنغان بولۇپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئالدىراش ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ



تۇراتتى. كۆزەتچى لەشكەر مۇهاپىزەتچىلەرنىڭ قىيا ئېگىلىپ ئېهتىرام بىلدۈرۈشلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماستىن ئۇدۇل ئوردىنىڭ قوبۇلخانىسىغىلا كىلىپ توختىدى. قوبۇلخانىدىكى هەممەيلەن كۆزەتچى لەشكەر ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆرنىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى. بىردەملىك جىددىيچىلىكتىن كېيىن ئوردا قوبۇلخانىسى ئادەمگە لىق تولدى. هەممە ئۆزىنىڭ ئورۇن تەرتىپى بويىچە رەتلىك تۇراتتى. هەربىي ئەمەلدارلار ئىچىدىن ئورۇن ئالغان مۇهەممەد تارخاننىڭ ئېقىپ چۈشكەندەك سوزۇنچاق بۇرنى ئۈستىدىكى بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى كېڭەشكە يىغىلغان ئەمەلدارلارنى هەش ـ پەش دېگۈچە بىر قۇر كۆزىتىپ ئۆلگۈردى. ئۇ ئېلىكخاننىڭ چوڭقۇر ئويغا چۆمگىنىچە ئەتراپقا ئىپادىسىز بىر هالەتتە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان يوغان بارماقلىرىنىڭ تەخت تۇتقۇچىنى تىنىمسىز چېكىۋاتقانلىقىنى بىرهازا كۆزىتىپ تۇردى. ئېلىكخاننىڭ بىرەر مەسىلىگە يولۇقۇپ بىر قارارغا كېلەلمىگەندە دائىم بارماقلىرىنى چېكىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ قاغانىنى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا جۇدەپ كەتكەندەك هېس قىلدى. مۇهەممەد تارخان يەنە تۆۋەندە قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئەر ـ ئايال كاهىنلارنى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا بولسا تەكەببۇرانە قىياپەتتە قېتىپ تۇرغان چوڭ ـ كىچىك هەربىي ئەمەلدارلارنى كۆردى. ئوردىدا بۇنداق جىددىي كەيپىيات ئادەتتە كەمدىن ـ كەم كۆرۈنەتتى. هەممە بىرهازا سۈرلۈك سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن ئېلىكخاننىڭ يېنىك يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوردا

ئەھلى بىردەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىلىكخانغا قاراشتى.

— شەھىرىمىز ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ قىيىن پەيتلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. پەمىچە، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ھەرقايسىڭلار بۈگۈنكى كېچەشىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا پۈتۈن قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولساڭلار كېرەك! — ئىلىكخان شۇنداق دېگىنىچە ئەتراپقا سورلۇك بىر قىياپەتتە قارىدى. قوبۇلخانا ئىچىدىن كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ئاۋازدا ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى ياڭرىدى:

— ئىلىكخانغا قۇللۇق!

— بىز ھازىر ئېغىر باش قېتىنچىلىققا يولۇقماقتىمىز. ئەگەر بۇ باش قېتىنچىلىقنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلالمىساق، — دېدى ئىلىكخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى پۈتكۈل توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ تەلەيي يۇلتۇزى ئۆز بۇرجىدىن ساقىپ چۈشىدۇ. تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان سەلتەنەت قۇياشى زۇلمەتنىڭ پاتقاقلىق ئۇپۇقلىرىغا پاتقىنىچە، قايتا باش كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ. ھازىر دىن تارقاتقۇچى ئەرەبلەرنىڭ قىلىچى بېشىمىزدا ئويناپ تۇرماقتا، شەرقتىكى كۈچلۈك ئەللەرنىڭ بىزگە بولغان دىققىتىمۇ كۈنسېرى كۈچەيمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئاز ساندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ بىزگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. دېمەك، بىز ھازىر قاتمۇقات دۈشمەننىڭ قورشاۋىسى ئىچىدە قالدۇق. بىز ئۆز دىنىمىزدىن كېچىمىزمۇ ياكى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى



ئۇرۇش ئاچىمىزمۇ؟ بۇ ھەقتە ئوردا ئەھلىنىڭ بىردەك قارارغا كەلمىكى ناھايىتى مۇھىمدۇر!

ئىلىكخان سۆزىنى تۈگىتىپ ئەتراپقا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى. ئوردا ئەھلى بىرھازا سۈكۈتكە چۆمۈپ جىم تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدى. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان قېرى كاھىن بىردىنلا دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ئىلىكخانغا مۇراجىئەت قىلدى:

— تەڭرى قۇت بەرگەن بۈيۈك قاغانىم. پېقىرنىڭ ئىككى كەلىمە سۆز قىلىشىغا ئىجازەت بەرگەيلا. . .

— سۆزلەۋەرگىن كاھىن، — دېدى ئىلىكخان بىر خىللا ئىپادە بىلەن.

— باش ئۈستىمىزدىكى يورۇقلۇق تەڭرىسى تۇرۇۋاتقان بىپايان ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قاراڭغۇلۇق تەڭرىسى تۇرۇۋاتقان قوڭۇر يەر ئوتتۇرىسىدا ئىنسان ئەۋلادى ياشاشقا نېسىپ بولغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا بىز كۆكتىن تامغان، يەردىن ئۈنگەن، شۇڭا ھەممە نەرسە تەڭرىلەرنىڭ ئىنايىتى بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان قىلىپ يارىتىلغان. ئۇيغۇر ئېلى تەڭرىلەر خالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تىنچ - خاتىرجەم ياشاپ كەلدى. خەيرىيەت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يامان روھلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەر تېگىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ يورۇقلۇق دۇنياسىغا يامراپ كەتتى. مانا بۇ بۈگۈنكى پېشكەللىكنىڭ نېگىزى! — سۆزلىگەنسېرى قېرى كاھىننىڭ چارلاشقان ساقاللىرى تىترەپ، ئاۋازى بوغۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەي

كېڭەش ئەھلى، باش ئۈستىمىزدە يورۇقلۇق تەڭرىسى، ئاستىمىزدا مۇقەددەس زېمىن تۇرۇپتۇ. بىزگە ھامىيلىق قىلىۋاتقان بۇغراخانلار تۇرۇپتۇ. بىز نېمىدەپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس مانى دىنىمىزنى تاشلاپ، ئەرەبلەرنىڭ خۇداسىغا چوقۇنغۇدەكمىز؟ بۇ ئەجدادلىرىمىزغا ئاسىيلىق قىلىشتىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ بۈيۈك يورۇقلۇق تەڭرىسىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ بۇنداق قىلساق ئەجدادلارنىڭ روھىغا يۈز كېلەلەيمىزمۇ؟

قوبۇلخانا سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆكتى. ئوردا ئەھلى چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. كاھىننىڭ سۆزلىرى سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويلىنىشقا مەجبۇرلىغانىدى. كاھىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانغا چۆمگەن مۇھەممەد تارخان ئېلىكخاندىن ئىجازەت سوراپ گەپ ئاچتى:

— مېنىڭچە جانابىي كاھىننىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق. دىنىمىزدىن ۋاز كېچىش ئەلۋەتتە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا قىلىنغان ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىقاد جەھەتتىكى بىرلىكنى قولدىن بېرىپ قويغان ھەرقانداق قوۋم سېغىزدەك چاك ـ چاك يېرىلىپ، قۇمدەك توزۇپ تۈگەيدۇ. ئەگەر بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېتىقادىغا ئاسىيلىق قىلىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز دېسەك، بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشمىنى تەسكە توختاپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ـ قارلۇق قەبىلىلىرى ئېتىقاد جەھەتتىن بىر قېتىملىق زور داۋالغۇشقا دۇچ كېلىمىز ـ دە، مەزھەپ ۋە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۆتمۈشتىكى ئۇيۇشقاقلىقنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرۈپ، تىزى بارلارنى



تىزلاندۇرۇپ ئۆتكەن شانلىق ئىتتىپاقىمىزغا دەز كەتمەي قالمايدۇ. تارىختا بۇ دىنغا كىرگەن تېرىقچى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن چارۋىچى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاي ئەسىرگە سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش بىزنى كۆپ ھالسىرىتىپ، زور پالاكەتلەرگە دۇچار قىلغانىدى. مېنىڭچە ئەمدى بۇ تارىخنى قايتا تەكرارلىماسلىق كېرەك.

ھەممەيلەن بىردەك قېرى كاھىن بىلەن مۇھەممەد تارخاننىڭ سۆزلىرىنى قوللاپ ئاۋاز بەردى. ئۇلار بىردەك دىن تارقاتقۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كېلىپ تارقىلىشتى.

مۇھەممەد تارخان كېڭەشتىن قايتىپ ھاياجانغا چۆمگەن ھالدا چىلان تورۇق ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، ئۇنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ۋاسىچ قەلئەسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان قورۇ ـ جايىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

تېخىچە ئۇخلىماي خوجايىنىنى ساقلاپ تۇرغان ئاتباقار يۈگرەپ چىقىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىدىن ئالدى.

مۇھەممەد تارخان تېخىچە چىراغ يېنىق تۇرغان ئايالى يۇلدۇز ئايىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بىخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەن تۆت ياشلىق ئوغلى ئەبۇ نەسىرنىڭ پېشانىسىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا بالا ئويغىنىپ «دادا» دەپ چاقىردى. مۇھەممەد تارخان بالىنى يوتقاندىن ئېلىپ بىرھازا ئەركىلەتتى:

— سېنى ئويغىتىۋەتتىم ـ ھە، بۆرەم؟

— مېنىڭ ئۇيقۇ بىلەن خۇشۇم يوق. ئاپام پەپىلەپ

يۇرۇپ بىكار ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ. ئەسلى سىز كەلگەندە ئاندىن ئۇخلىماقچىدىم.

— بوپتۇ، بالا چېغىڭدا قېنىپ ئۇخلىۋال، بۆرەم. چوڭ بولغانسېرى غەم ـ ئەندىشەڭ كۆپىيىدۇ، ئويلايدىغان، باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرىڭ ئاۋۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا داداڭغا ئوخشاش ئۇخلايمەن دېسەڭمۇ ئۇخلىيالماي، تاڭلارنى كىرپىك قاقماي ئاتقۇزىسەن!

كىچىك ئەبۇ نەسىر ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

— كىچىك بالىغا نەدىكى چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ . . . ، — دەپ ناز ئارىلاش كايىدى يۇلدۇز ئايىم.

— توغرا، بالىلار بىلەن ئۇلار قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە سۆزلىشىش كېرەك ئىدى. مەن بۇ شاكىچىك بۆرەمنى خۇددى چوپچوڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ھېس قىلىپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟ بىراق، ئۇنىڭمۇ كىچىك تۇرۇپ «ئۇيقۇ بىلەن خۇشۇم يوق» دېگىنى قالتىس گەپ بولدى ـ دە؟ ھازىر ئۇيقۇ بىلەن خۇشى يوق ئادەمنى بالىلار ئارىسىدىن ئەمەس، چوڭلار ئارىسىدىنمۇ ئالدىراپ تاپقىلى بولمايدۇ.

مۇھەممەد تارخان بالىنىڭ مەڭزىگە ئاخىرقى قېتىم بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.



# قىلىچ ئاستىدىكى ئېتىقاد

كىچىك ئەبۇ نەسىر ھەش ـ پەش دېگۈچە يەتتە ياشقا كىرىپ قالدى. بۇ چاغلاردا ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى خېلى مەلۇماتلىق، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردىن ھېسابلىنىدىغان ئاتىسى مۇھەممەد تارخاندىن ئۆز يۇرتىنىڭ ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن قىسسە ۋە رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ «قۇلاق مۇللىسى» بولۇپ قالغانىدى. ئەينى چاغلاردا قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتاش مودا بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق مودا بولۇۋاتقان ئىشلارغا كەلگەندە ناھايىتى سەزگۈر ۋە زامانىنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى نومۇس دەپ بىلىدىغان مۇھەممەد تارخان ئۆز ئوغلى ئەبۇ نەسىرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگىمۇ ئۇ تۇغۇلغان كىچىك شەھەرنىڭ نامىنى قوشۇپ، ئۇنى «ئەبۇ نەسىر فارابى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئۇزاققا بارماي بۇ نام كىچىك ئەبۇ نەسىرنىڭ تەڭ دېمەتلىكلىرى ئارىسىدا تېزلا ئومۇملىشىپ كەتتى.

تاكى قارخانىيلار خاندانلىقى رەسمىي ئىسلام دىنىغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تەسىرى قارخانىيلار تەۋەسىدىكى پۇقرالار ئارىسىدا ئەزەبلەردە ئىسلام دىنى

ھەرىكىتى باش كۆتۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا باشلانغانىدى. كىچىك ئەبۇ نەسىرنىڭ بوۋىسى ئۇزلۇق سىپى ئۆزىدىن فارابلىق تۈركلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزلۇق دېگەن ئىسمى تىپىك قارلۇقچە ئىسىم ئىدى. ئۇ «گۈزەل، چىرايلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇزلۇق بوۋايدىن كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە قارخانىيلار تەۋەسىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا بىردىنلا ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادىتى شەكىللەندى. ئېھتىمال ئەرەبچە ئىسىملار تەلەپپۇز قىلىشقا ئوڭاي، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى جەھەتتىن تۈرك تىلىغا قارىغاندا تېخىمۇ يېپىشاڭغۇ بولغاچقا، تۈرك ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكىلەرگە تېخىمۇ يېقىملىق تۇيۇلغان بولسا كېرەك! دېمىسىمۇ ھەرقانداق ئەلدە سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تارقىلىشى ئالدى بىلەن شۇ ئەلدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن باشلىنىدۇ. شۇڭا، كىچىك ئەبۇ نەسىرنىڭ دادىسىغا ئۇزلۇق بوۋاي مۇھەممەت پەيغەمبەر بىلەن ئىسمداش بولسۇن دەپ، «مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادىتىنىڭ ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان مەزگىلىگە توغرا كەلگەن بىر زاماندا تۇغۇلغان مۇھەممەد تارخانمۇ ئۆز ئوغلىغا يەنىلا ئەرەبچە «ئەبۇ نەسىر» دەپ ئىسىم قويغانىدى. تاكى ئوتتۇز ياشقا كىرگۈچە ئەرەب تىلىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكىنىگە قارىماي كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «ئەرەب ئالىمى» دەپ قارىلىپ كەلگەن ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابى سىپى ئۆزىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر نەسەبىدىن ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ھارپىسىدا تۇرغان تۈركىي تىللىق ئائىلىدە دۇنياغا



كۆز ئاچقانىدى.

ئەينى چاغلاردا ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ۋە قىپچاقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ياشىغانلار كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا دۇنيادىكى قۇدرەتلىك مىللەتلەردىن بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ يەنە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ئۇلار ئىچىدە ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيىتى يەنە باشقىچە ئىدى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ بوستانلىقلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە شەھەر مەدەنىيىتىگە بالدۇر قەدەم قويغانىدى. «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ مۇبارەك ئىسىم ئەينى يىللاردا ئەڭ دەسلەپكى ئوغۇز قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالغانىدى. بۇ نام ئاستىدا چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتەك مەھكەم ئۇيۇشقان خەلقلەر تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، يەتتە سۇ ۋادىسى ۋە پەرغانە رايونلىرىدىن ئىبارەت بىپايان زېمىننى ئۆزىگە ماكان قىلغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ لى شىمىن ۋاقتىدىلا تالاس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان بەش تېكىن باشچىلىقىدىكى يىگىرمىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قەبىلىسى ئەينى زاماندىكى قۇدرەتلىك قوۋم ھېسابلانغان تۈركەشلەر بىلەن سۇياپنى تالىشىش ئۇرۇشىدا تۈركەشلەرنىڭ ۋەتۆۋەركىنى چىقىرىۋەتكەن ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنى بار تەرەپكە ئىككىنچى ئالىيىپ قارىيالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، داد دېگۈزۈپ تۇختىغانىدى. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى شىمىن ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى تۇرغاق مەھكىمىسىنىڭ ئۇيغۇر

تۇرغاقى ئاسىناشانقا «ئون ئۇيغۇر قاغانى» دېگەن سەلتەنەتلىك نام ـ ئاتاقنى ھەدىيە قىلغانىدى.

ئەينى يىللاردا سىر دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق قوۋملەرنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئەينى يىللاردا ماۋارائۇننەھردىكى مۇسۇلمان سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھى ئۆز تەۋەلىكىدىكى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا بىر مەزگىل ئېغىر زىيانكەشلىك قىلغانىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر خاقانى دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇ ئاچچىقىدا ئۇ سامانىيلار سۇلالىسىگە قارشى شىددەتلىك ھەربىي يۈرۈشنى باشلىۋەتكەنمۇ بولار ئىدى. لېكىن، پىشقەدەم ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئالدى بىلەن سامانىيلار سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ: «ئەگەر مانى دىنىدىكى ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زىيانكەشلىكىڭنى دەرھال توختاتمايدىغان بولساڭ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان توققۇز ئوغۇزلار زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلىرىڭدىن ھەسسىلەپ قىساس ئالىمەن، سىلەرنىڭمۇ كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرسىتىپ قويىمەن» دەپ تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن سامانىيلار مانى ئۇيغۇرلىرىغا قىلىۋاتقان زىيانكەشلىكنى پەم بىلەن يىغىشتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈكلەپ قالغانىدى.

سامانىيلار سۇلالىسى گەرچە ماۋارائۇننەھردىكى تاجىك، ئىران ھاكىمىيىتى بولسىمۇ، بىراق ماۋارائۇننەھردىكى مۇسۇلمانلاشقان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ئاساسىي ئاھالە قىلغانىدى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ



999 ـ يىلى قارخانىيلار تەرىپىدىن نوقۇل ھەربىي سەۋەبلەردىنلا بولغان ئەمەس. مۇھىمى سامانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان تۈركىي تىللىق قوشۇنلار بىلەن يەرلىك تۈركىي تىللىق دېھقانلار سامانىيلار سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەچكە، سامانىيلار ھاكىمىيىتى خۇددى يىلتىزى يوق دەرەختەك بىراقلا غۇلاپ چۈشكەنىدى.

ئەينى يىللاردا «ئوغۇز دالاسى» دەپ ئاتالغان «دەشتى قىپچاق»قا قىپچاقلار ئەمەلىيەتتە چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىنلا كۆچۈپ كېلىپ، ئاندىن ئۇ يەرنى «دەشتى قىپچاق» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇيغۇر ـ قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ ئاتا ماكانلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوغۇز دالاسىدا فارابى تۇغۇلغان مەزگىللەردە تېخى قىپچاقلارنىڭ ئۆزى تۈگۈل، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە پەيدا بولغان بىر قوۋم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مىش ـ مىش پاراڭلارمۇ يېتىپ كەلمىگەنىدى. شۇڭا، فارابىمۇ كېيىنكى زامانلاردا «دەشتى قىپچاق» دەپ ئاتالغان ئوغۇز دالاسىدا تېخى بۇ يەرگە سايىسىمۇ يېتىپ كەلمىگەن قىپچاق قەبىلىلىرى تۈركۈمىگە ئەمەس، بەلكى شەھەر مەدەنىيىتىگە ئاللىبۇرۇن كۆچكەن، ئۆز زامانىسىدا يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولغان ئوغۇز ياكى قارلۇق ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈركۈمىگە تەۋە بولغان مەدەنىيەتلىك بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تەلەيلىك بوۋاق سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەنىدى.

سىر دەرياسى بويىدىكى فاراب شەھىرىدە بۇرۇندىنلا تۈرك قەبىلىلىرىدىن قارلۇق ۋە ئوغۇزلار ياشاپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ يەردە تۈرك مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى مۇتلەق ئۈستۈن نوپۇز تىكلىگەنىدى. قارلۇق ـ ئوغۇز

قەبىلىسىگە تەۋە بولغان تۈركىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن فارابىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد تارخان گەرچە ئوتتۇراھال مەنسەپ تۇتقان ھەربىي ئەمەلدار بولسىمۇ، ئەمما ئەينى زاماندىكى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا كۆپنى كۆرگەن، كۆپ ئاڭلىغان ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئادەملەردىن ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئائىلە تەربىيىسى جەھەتتە كىچىك ئەبۇ نەسىر خويمۇ تەلەيلىك بالا بولۇپ قالغانىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى باجغانلاپ تۇرغان يوغان بىر تۈپ دەرەخ دېسەك، قارلۇقلار ئەنە شۇ دەرەخنىڭ ئۆيگە خا بولغۇدەك دەرىجىدە يوغىناپ قالغان بىر شېخى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا توققۇز ئوغۇزلىرىنىڭمۇ بىر تارمىقى سۈپىتىدە، مەشھۇر قارخانىيلار خانىدانلىقىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. غەربىي تۈركەش خانى سولۇ قاغانى 738 ـ يىلى ھالاك قىلغان باھادىر تارخان دەل قارلۇق يابغۇسى ئىدى. 753 ـ يىلى كۆل بىلگە قارلۇق يابغۇسى بولدى. 716 ـ يىلى سۈياپتىكى ئەنشى تۇرغاق مەھكىمىسىنىڭ ئۇيغۇر تۇرغاقى ئاسىناش زامانىدىن تارتىپ تاكى 751 ـ يىلىغىچە سۈياپتىكى ئەنشى تۇرغاق مەھكىمىسىنىڭ مۇھىم ئۇلى بولۇپ قالغان ئۇيغۇر ـ قارلۇق قەبىلىلىرى 751 ـ يىلى ئەنشى تۇرغاق مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى سىر دەريا ساھىلىدىكى تالاس، بالاساغۇن، فاراب قەلئەلىرى سامانىيلار قولىغا ئۆتكۈچە بولغان يۈز يىل ئىچىدە ئەرەبلەر مۇداخىلىسىگە قارشى كۈرەشنىڭ بۇ رايوندىكى ئالدىنقى سېپىدە شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن كەلكۈنلەرنى



مەغرۇر كۆكرەك كېرىپ كەينىگە ياندۇرۇپ تۇرغان مەزمۇت تاغدەك پۇختا توساق بولۇپ تۇرۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر ئىتتىپاقى ئۇچۇن ئەسىر ـ ئەسىرلەپ ئەڭ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ توختىمىغان قارلۇقلار بەشبالىق، تەڭرىتاغ ۋە قەشقەر ئەتراپىدا 790 ـ يىللىرى تىبەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئېل ئۇگاس باشچىلىقىدىكى ئۇرۇشلاردا يەنە ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئەينى يىللاردا بېلىنى پوتا بىلەن باغلاپ، قولىغا ھاسا تۇتۇپ، يەرنى ئۇرۇپ قوشاق توقۇپ يىغلاپ ھازا ئاچىدىغان قارلۇقلار ياغمىلار بىلەن بىللە بالاساغۇن، قەشقەر، ئاتۇش، ئۇچتۇرپان ئاھالىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر ـ قارلۇق قاتارلىق توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە بىلگە كۆل باھادىر قىدىرخان يېتەكچىلىكىدە قارخانىيلار خانلىقى شەكىللەندى. 840 ـ يىلى 15 قەبىلە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى يېڭى قۇرۇلغان قارخانىيلار خانلىقىنىڭ جېنىغا جان قوشتى.

يەتمىش مىڭ قوشۇن جايلاشقان فارابنى ئانچە كىچىك شەھەر دېگىلى بولمايتتى. ھەربىي قەلئە ۋە رابات، سودا بازارلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ شەھەر ئوترار بوستانلىقىغا جايلاشقان تالاس، بالاساغۇن، قەشقەرنى تۇتاشتۇرغان قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنى بولۇپ قالغانىدى.

چۇ، تالاس ۋە سىر دەريا ۋادىسىدا شەھەر ھاياتىنى

مەركەز قىلغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن ئەينى يىللاردا فاراب شەھىرى قەشقەرگە يېقىن بالاساغۇنغا قاراشلىق، يېڭىدىن بىنا قىلىنغان كىچىك شەھەر بولسىمۇ، لېكىن خويمۇ چاققان ۋە چىرايلىق ئىدى. 9 ـ ئەسىردىكى فاراب شەھىرى مانى دىنىدىكى ئۇيغۇر ـ قارلۇقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن مۇداپىئەلىنىش لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلىدا تۇرغاچقا، «قارانچۇق» دەپمۇ ئاتىلاتتى. تۇنجى قاراخان سۇلتانى بىلگە كۆل باھادىر قىدىرخان بىلەن سامانىيلار شاھى نوھ ئىبنى ئەسئەت ئارىسىدا ئىسپىجاپنى تالىشىش ئۇرۇشى يۈز بەرگەندە، ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ بوۋىسى ئۇزلۇق بىلگە كۆل باھادىر قىدىرخاننىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدار ئىدى. ئۇ ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن باج ـ سېلىقتىن خالىي قىلىنغان كىشىگە بېرىلىدىغان «تارخان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغانىدى.

سامانىيلار خانى ئىبنى ئىسمايىل ئىبنى ئەھمەد (ئىسمائىل سامانى) ئۆز قېرىندىشى ناسىر ئىبنى ئەھمەد قولىدىن زورلۇق بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، تازا روناق تېپىۋاتقان مۇسۇلمان بولمىغان قارخانىيلار ھاكىمىيىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، سىپىل سوقتۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك بىلەن قارخانىيلارغا قارشى غازات قىلىشنى باشلىدى. ئىسمائىل سامانى 893 ـ يىلى باھاردا تالاس، بالاساغۇنلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. نەتىجىدە، ئوغۇلچاق قىدىرخان بالاساغۇندىن «ئوردۇ كەنت» (قەشقەر) گە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسمائىل سامانى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى



ئىستراتېگىيىلىك جاي تالاستىن تاكى غەربتىكى چۇ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغىچە بولغان ئارىلىقنى، جۈملىدىن مۇھاسىرىدە قالغان تىراز شەھىرىنى قولغا ئالدى. مۇشۇ ئۇرۇشتا مۇھەممەد تارخان قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ جان تىكىپ ئېلىشقىنىغا قارىماي فاراب شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوترار بوستانلىقى سامانىيلار قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جايلاردىكى 15 مىڭ كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئوتراردىكى مانى چېركاۋلىرىنىڭ ئورنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن مەسچىتلەر بەرپا قىلىندى. بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قىران بىر يىگىتكە ئايلىنىپ قالغان ئەبۇ نەسىر فارابىمۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن مۇسۇلمان سامانىيلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. يۈز يىل داۋام قىلغان دۈشمەنلىشىش ۋە يوللارنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى فارابلىقلار ۋە كۆپلىگەن توققۇز ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردىكى خاقانىيە ئاھالىسىدىن ئايرىۋەتكەنىدى.

# مەدەنىيەت بۆشۈكى

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. مىلادىيىدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا قەدىمكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى ۋە بىرونزا مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدە دۇنياۋى نوپۇز تىكلىگەن تارىخچىلارنىڭ ئاغزىدا گەپ تولا. سارمات، ماسساگېت ۋە ساك دەپ ئاتالغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ مىلادىيىدىن مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئىپتىدائىي شەھەر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئېنىق. ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي يۈرۈشىنى پامىر ۋە ماۋارائۇننەھىردە چېكىندۈرۈپ، تارىخنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۈچۈن قارايغان ئاسمىنىنى دۈم كۆمتۈرۈپ توختىغانىدى. ياۋچىلارنىڭ توخارىستانغا كۆچۈشى، ھۇن ۋە ئىفتالىتلارنىڭ غەربكە سىلجىشى، شىمالىي ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈشى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ھىندىستان ۋە شەرقىي ئىراننىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بۇ رايونلاردا تارىختىكى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت ئالمىشىش بەلۋېغى ھاسىل قىلغانىدى.

تارىختىن بۇيان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت



ئالماشتۇرۇشىنىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيادىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت كۆرگەزمىخانىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەڭ ئىپتىدائىي «ئالتۇن يول» — غەربىي جەنۇبىي ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىراق رايونلىرىنى بىر ـ بىرىگە چاتقان مەشھۇر «يىپەك يولى»، «غەزنىي يۇرت» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قەدىمكى چاڭئەن ۋە لوياڭ بىلەن رىم ۋە ۋىزانتىيە مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغان بولغاچقا، بۇ يەردە مەدەنىيەتنىڭ يېڭى بىر ئۇپۇقى باش كۆتۈرگەنىدى.

شۇ زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن مۆلچەرلىگۈسىز زور داۋالغۇشلار ئىسلامىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىرانغا كېڭىيىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا رەسمىي ئەرەبلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىگە ئۇچرىغىلى تۇرغانىدى. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم 706 ـ يىلىدىن 712 ـ يىلىغىچە پەنجىكەنت ۋە سەمەرقەنتنى ئىستىلا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى ۋە تېز ئارىدا ئىسلام دىنىنى ئۆزى ئۇياقتىن ئىشغال قىلغان رايونلارغا بۇياقتىنلا تارقىتىشقا باشلىدى. لېكىن، مەيلى ئۇمەييە خەلىپىلىكى ياكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى بولسۇن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ھۆكۈمرانلىقىغا تولۇق كىرگۈزۈپ كېتەلمىگەن بولغاچقا، يەتتە سۇ، تالاس ۋە سىر دەرياسى، بالاساغۇن، قەشقەر ۋادىسىدا ئىسلامىيەتكە قارشى مانى دىنى، ئەنئەنىۋى

ئاتەشپەرەسلىك ۋە شامان ئېتىقادى يەنىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇل ئابباس (750—754) ۋاقتىدىكى مەشھۇر تالاس ئۇرۇشىنىڭ غايەت زور قانلىق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىكى سەۋەبمۇ دەل مانا مۇشۇ يەردە. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمدىن تاكى سامانىيلار شاھى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد تالاس ۋە فاراب شەھەرلىرىگە بېسىپ كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى 180 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە سىر دەرياسى ۋە يەتتە سۇ خەلقى ئىسلام خەلىپىلىكىگە قارشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ھەرىكىتىگە ئارقا تىرەك بولۇپ كەلدى.

ئەينى يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسى خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. 751 - يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدا تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى خەلىپە ئابباس دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى ئىرانغا تونۇشتۇرغانىدى. خوتەن، سەمەرقەنت، باغدات ۋە دەمەشق ئەينى زاماندا ئەڭ چوڭ قەغەزچىلىك مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇ زامانلاردا ئىسلام خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئەسلىدىكى ئەرەب مەدەنىيىتىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. قەدىمكى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ئوتتۇرا ئاسىيا يەنە گرېك - باكتىرىيە ۋە كۇشان مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شامان، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا ۋە مانى دىنلىرى ھەم ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ



ئاساسلىق قورغىنى بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سۈنئىي سۇغىرىش ئۇسۇلىنىڭ ياخشىلىنىشى ئارقىسىدا دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىق يەنىمۇ جانلاندى. كارىز، سۇ ئامبىرى ۋە توسما ياساشقا ئەگىشىپ ئۇن تارتىشتا تۈگمەندىن، گۈرۈچ ئاقلاشتا سوقىدىن پايدىلىنىش مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىقتا ھەرقايسى جايلارنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقلىرىنى ئەكىلىپ تېرىش، پىلە، پاختىچىلىق، كەندىرچىلىك، باغۋەنچىلىك، ئۈزۈمچىلىك، سىركە ۋە مەيزاپ ئىشلەش ئومۇملاشتى. تۆمۈر ۋە مىس قۇيمىچىلىكى، زەرگەرلىك، ئەينەك، ياقۇت، قاشتېشى ھۈنەرۋەنچىلىكى، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، گىلەمچىلىك ۋە دورا ماتېرىياللىرى ئىشلەشتە يېڭى يۈكسىلىشلەر يۈز بەردى. ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىدا ئۇستىكار، نىمكار ۋە شاگىرتلىق پەرقلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ يېڭى ماددىي شارائىتلار ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، بىناكارلىق ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنىڭ ئالدىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويدى. مۇشۇنداق تەلەپلەر ئالدىدا 9 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، گرېتسىيىنىڭ پەلسەپىۋى مىراسلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش كەيپىياتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. چارەك ئەسىرگە يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە گرېك مەدەنىيىتى پۈتۈن خەلىپىلىك تېررىتورىيىسىدە كەڭ - كۆشادە تارقىلىشقا ۋە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ «تۆت تادۇ» (سۇ، ئوت، تۇپراق، ھاۋا) كۆزقاراشلىرى ۋە تېبابەتچىلىك ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىمۇ ئىسلام دۇنياسىغا كۈچلۈك تەسىر

كۆرسەتتى. ئەرەبلەر ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچىگە، شۇنداقلا يېزىق ۋە ئېتىقادىغا تايىنىپ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى. كۆپلىگەن مىللەتلەر، دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىسلامىيەت جەمئىيىتى دائىرىسىدىكى ئۆزئارا ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ مەنبە ۋە ئىجادچىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بارلىق ئىپادىلىرى ۋە ئالامەتلىرىگە ئەرەب ئىسلامىيەت تامغىسى بېسىلغانىدى.

ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى خەلىپىسى مەئمۇن (786 — 833) دەۋرىدە باغدادتا «بەيتۇل ھېكمە» دەپ ئاتالغان كۇتۇپخانا قۇرۇلدى. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىسلام شەرقىدىكى تۇنجى ئاكادېمىيە — شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ مۇھىم بۆشۈكى ئىدى. بۇ كۇتۇپخانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، ئوتتۇرا ئەسىر ماتېماتىكىسىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئىبنى مۇسا ئەل خارەزمى (780 — 847) تەبىئەت ۋە تارىخ پەنلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇنىڭ «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «تارىخ ھەققىدە رىسالە»، «يەر شەكلى كىتابى» قاتارلىق ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئالگېبرا ئىلمىغا ئاساس سالغان «ئالجەبىر ۋە مۇقابەلە» ناملىق ئەسىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى غايەت زور ۋە مۇھىم مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. 9 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن «ئاسترونومىيە ئاچقۇچلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل فەرغانى بىلەن ئەل خوجەندى، ئەل تۈركى



ۋە ئەل مەرۋەزى قاتارلىق ماتېماتىك ۋە ئاسترونوملار يېتىشىپ چىقتى.

تەبىئەت ئىلمىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشى، بىر تەرەپتىن پەلسەپىۋى كۆزقاراشلارنىڭ قايتا شەكىللىنىشىگە مۇقەررەر يوسۇندا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ھەقىقەتنى داۋاملىق كەشىپ قىلىش يولىدىكى بۆسۈپ ئىلگىرىلەشكە يول كۆرسىتىدىغان ئىلغار پەلسەپىۋى تەلىماتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەقەززا قىلاتتى. بۇنداق ئىلغار ئىدىيىۋى ئىنتىلىشلەر نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل ئىلمىي ئېقىملار، جۈملىدىن گرېك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئىدېئولوگىيىلىك زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرىۋەتتى. ئىدېئولوگىيىلىك كۈرەش ئىسلام خەلىپىلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي زىددىيەتلەر بىلەن، جۈملىدىن ئەرەب ئىستىبلاسى تۈپەيلىدىن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان مىللىي زىددىيەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ فېئوداللىزمغا، ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە دىنىي كىشەنلەرگە قارشى بىرلەشمە ئېقىمغا ئايلاندى. 767 - يىلى ئۇستاد ھىسسى باشچىلىقىدا خۇراسان قوزغىلىڭى يۈز بەردى؛ 767 - يىلىدىن 787 - يىلىغىچە ماۋارائۇننەھردە مۇكەننا قوزغىلىڭى داۋام قىلدى؛ 798 - يىلى سىستاندا ھەمزە ئىبنى ئەترەك باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى؛ 816—837 - يىللىرى ئارىلىقىدا نەچچە قېتىم بابېك قوزغىلىڭى پارتلىدى؛ 9 - ئەسىردە يەنە ئىسمائىلىزم ۋە كارامەتچىلىك بايرىقى ئاستىدا كۆپ قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ھەر خىل ئىدىيىۋى

ئېقىملار ئاخىرى بىرىپ توسۇۋالغۇسىز قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالدى. شۇڭا، خەلىپە مەئمۇن ئۆزىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ساپ گرېك پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇتەززەللىزىم ئېقىمىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى دەسسىتىشكە مەجبۇر بولدى. مۇتەززەلىزىم كالامىزىم تەلىماتىدىن ئايرىلىپ چىققۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى بولۇپ، كالام تەلىماتىدىكى «تەقدىرچىلىك» كۆزقاراشلىرىغا گۇمان ياكى ئىشەنمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ 10 ـ خەلىپىسى مۇتەۋەككىل (847—861) دىن باشلاپ بارلىق غەيرىي ئىسلام تەلىماتلىرى، جۈملىدىن مۇتەززەلىزىم مەزھىپى قاتتىق مەنئى قىلىندى. خەلىپە مۇتەۋەككىل ئاتالمىش «بىدئەتچىلىك» نى قاتتىق جازالاشقا باشلىدى. نۇرغۇنلىغان ئىلغار پىكىرلىك ئالىملار، پەيلاسوپلار ۋە شائىرلار زىندانغا تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىدئەتچىلىك نامىدا يوقىتىلدى.

خەلىپە مۇتەۋەككىلنىڭ دىنىي تىررورلۇق ۋە ھەربىي ھاكىممۇتلەقلىقى ئېغىر بوھرانغا پېتىپ قالغان ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئىلغار پىكىرلىكلەر ھەر خىل دىنىي نىقاب ئىچىدە داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. سوپىزىم، پانتېئىزىم قاتارلىق ئىلغار پەلسەپىۋى ئېقىملار مانا شۇنداق شارائىتتا مەيدانغا كەلدى. نۇرغۇن ئىلغار پىكىرلىك مۇتەپەككۇرلار سوپىزىم نىقابى ئاستىدا ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا كىرىشتى.



## كۇلكە ئەمەس، تېپىشماق...

ئەبۇ نەسىر بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا قەدىمكى قارلۇق ـ ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگىنىشكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلدى. ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر تىلى توققۇز ئوغۇز تىلى سۈپىتىدە پۈتۈن تۈركىي تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مائارىپىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەمۇرىي ـ سىياسىي ھاياتتىمۇ، ئىلمىي پائالىيەتتىمۇ ئاساسلىق تىل ئىدى.

فارابى سامانىيلار سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ماۋارائۇننەھر ۋە خارەزىمدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە پارس تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. فارابى تاكى باغداتقا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئەرەب تىلىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى، ئەمما بالىلىق قەلبىگە خودى تاشقا باسقان مۆھۈردەك ئورناپ قالغان ئۆز ئانا تىلىنى بولسا بىر ئۆمۈر زىر ـ زەۋىرىگىچە ئۇنتۇماي ئالەمدىن ئۆتتى.

فارابى ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگەندى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىيان دۇنياسىدا «ئۈچ بىلىم» دەپ ئاتالغان گرامماتىكا (نەھۋى)، ئىستىلىستىكا (ئىلمىي فاساھەت)، ئەخلاق دەرسلىكلىرىنى ۋە تۆت «بىلىم» دەپ ئاتالغان ھېساب،

مۇزىكا، گېئومېترىيە (ھەندىسە)، ئاسترونومىيە (ئىلمىي نۇجۇم) پەنلىرىنى پۇختا ئىگىلىدى. ئۇ بالاغەت يېشىغا يېتەر - يەتمەي تۇرۇپلا ئۆز يېشىغا مۇناسىپ كەلمىگەن ھالدا «ھىرات - مەرۋى ئىلمىي گۇرۇھى» دەپ ئاتالغان تەبىئەت ئىلمىي گۇرۇھىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئەقىدىنى ئەمەس، ئەقىلنى مىزان قىلىش توغرىسىدىكى چوڭلارغا خاس سوغۇققانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى. مەرۋى ئىلمىي گۇرۇھى بولسا مېسسوپوتامىيىدىكى ھەرران، بەسرە تەبىئەت ئىلمىي گۇرۇھىنىڭ، ھىندىستان ۋە ئۇيغۇر ئىلىم مەدەنىيەت كۆزقاراشلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئەت كۆزقاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئىلمىي ئىزدىنىش گۇرۇھى بولۇپ، گرېك - باكتىرىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلاتتى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادا 30 ياشلارغا كىرگۈچە ياشىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولۇپمۇ يەنە بىلگەنلىرىگە قانائەت قىلماي، ئۆزىنىڭ روھى جەھەتتىن تېخىمۇ مول بىلىمگە تەشنا بولۇپ ئېچىرقاپ تۇرغان بۆرىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. يېڭىياچە ئىسلام دىنىغا كىرىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت بىلەن يېڭى دىنىي ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان غايەت كېلەڭسىز بىر ھاڭنىڭ گىرۋىكىدە تېڭىرقاپ، دەلدۈگۈنۈپ تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ بېشىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئاپەت بىرىنچى بولۇپ فارابىنى سوت



ئۇيقۇدىن چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەلىكىدە ئىگىلىگەن بىلىم ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن تېخى بۇ قېيىن مەسىلىگە ۋايىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب بەرگىلى بولمايتتى. مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قېتىملىق توپان بالاسىغا دۇچ كېلىۋاتقان خەلقىگە بۇ توپاندىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ چىقالايدىغان «نوھنىڭ كېمىسى» نى ياساپ بېرىشنى ئۆزىگە ئوخشاش تەڭرى سېپى ئۆزىدىن ئىدېئولوگىيە جەڭگاھىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغان بىلىم بۆرىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى دەپ تونۇغان فارابى بۇ قېيىن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى يېشىش ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ئىسلام دىنى تارقالغان ۋە تەرەققىي قىلغان ئەرەب، پارس ئەللىرىگە بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. چۈنكى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئەنئەنىۋى تۈرك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىردىنلا پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق ھاڭغا مەزمۇت كۆۋرۈك سېلىپ يول ئاچقىلى بولمايتتى. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەرەب، پارس ئەللىرىگە بېرىپ مەدەنىيەت جەھەتتىكى كەڭ كۆلەملىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى زادىلا باشتىن كەچۈرمەي بولمايتتى. بۇ ئەينى يىللاردىكى ئەرەب ئىستېلاچىلىرىدىن نەچچە ئون ھەسسە كۈچلۈك بولغان سىياسىي كۈچ مىڭ يىللاپ قىلىچ ئويناتقان بىلەنمۇ ھەل بولمايدىغان غايەت مۈشكۈل بىر مەسىلە ئىدى.

ئەبۇ نەسىر فارابى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ياشانغان ئاتا - ئانىسى ئۇنى بىر توپ جامائەتنى ۋاسىچ

قەلئەسىدىكى قورۇسىغا يىغىپ داشقازان ئېسىپ زاراخەتمە قىلىپ بەردى. مۇھەممەد تارخان ھەربىي ئەمەلدارلارغا خاس سوغۇققانلىق بىلەن ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى ئانچە بىلىندۇرمەي ئۇزاتقان بولسىمۇ، ئەمما يۇلدۇز ئايىم ئەبۇ نەسىرنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ ھازا ئاچماي تۇرالمىدى. بىر توپ جامائەتمۇ يۇلدۇز ئايىمغا جور بولۇپ بېلىنى پوتىدا باغلاپ، قولىغا ھاسا ئېلىپ، ھاسا بىلەن يەرنى ئۇرۇپ قوشاق توقۇپ ھازا ئېچىشىپ بەردى. فارابى بۇ قىزىقارلىق ھازىنى كۆرۈپ ئۇيغۇر قارلۇقلىرىنىڭ زىيادە ھېسسىياتچان تەبىئىتىنى ئاخىرقى قېتىم تەجرىبە قىلىپ كۆرۈۋالغاندەك بولدى - دە، ئۆزىگە تىرىك تۇرغۇزۇپ ھازا ئېچىۋاتقانلارغا قاراپ ۋە ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىئارام بولۇشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە سوغۇققانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سوغۇققان چىرايىغا قاراپ ئانا دەرھال يىغىدىن توختاپ ھاڭۋېقىپ قالدى. مۇھەممەد تارخان بولسا ئۆز ئوغلىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي ئەجەبلىنىپ قالدى. فارابىنىڭ مەڭزىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق سوغۇققان كۈلۈمسىرەش ياشانغان ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەشكىلى بولمايدىغان تېپىشماق بولۇپ قالدى.



# ئىلىم ئەجدىھاسى

فارابى شۇ يۇرۇپ كەتكەنچە سەمەرقەنت ۋە بۇخارالاردىن ئۆتۈپ، ئىسپىھان، ھەمەدان ۋە تېھران شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئۇ پارس زېمىنىدا تۇرغان قىسقىغىنا بىرنەچچە يىللىق ھاياتىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جېنىغا جان قوشقان پارس مەدەنىيىتىنى زور تىرىشچانلىق بىلەن قىدىرىپ تەكشۈرۈپ «ۋاشاڭ» قىلىۋەتكەندىن كېيىن، توپتوغرا پۈتكۈل ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدە بەرگاھلىرىدىن بىرى بولغان باغداتقا قاراپ يول ئالدى.

فارابى باغداتقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خەلىپە مۇقتەدىر (908 — 932) ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. بۇ چاغدىكى باغدات گەرچە ئۆزىنىڭ خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ھۆسنىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەرەب يېزىقى ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي ئۇچىقى، دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇرغان خەلقئارا شەھەر ئىدى. ھەرقانچە تەقىب بولۇشىغا قارىماي، باغدات يەنىلا ھەرقايسى ئەللەر، رايونلاردىن كەلگەن ھەر خىل دىنىي ئېتىقاد ۋە پەلسەپىۋى كۆزقاراشتىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئالىملار ۋە ئەدىبلەر توپلاشقانىدى. ئۇلار گاھىدا ئۇچۇق ئىلمىي مۇھاكىمە ياكى بەس - مۇنازىرە شەكلىدە، گاھىدا يوشۇرۇن

سوپىزم ياكى دەھرىيلىك ۋاستىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت ياكى ئىجتىمائىي ھاياتى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

فارابى باغداتقا بارغاندا ئەرەب تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇ تىلنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى سىراجىددىندىن تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ يەنە باغداتتا پاشايدىغان مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇ بەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى زوقلىنىپ ئۆگەندى. بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا فارابى تۈرك، پەھلىۋى، تاجىك، ئەرەب، گرېك تىللىرىنىڭ كامىل ئۇستىسى بولۇپ قالدى. باغداتقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ئەرەب يېزىقىدا مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ۋە گۈزەل شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدى. ئەرەب پەلسەپىسىنىڭ بىريۈرۈش ئاتالغۇلىرىغا مەخسۇس لۇغەت تۈزۈپ چىقىپ، ئەرەب تىلى خەزىنىسىنى بېيىتتى. فارابى تىل ۋە لوگىكا جەھەتتە ئۆز ئۇستازىدىن تېز ئېشىپ كەتتى. فارابىنىڭ تىل ۋە لوگىكا جەھەتتىكى ئۇستازى بولغان ئەبۇ بەشەر مەتتە ئىبنى يۇيۇس ئۇلۇغ يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل تەلىماتلىرىنىڭ باغداتتىكى بىر ھامىيسى بولۇپ، ئۇ ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى دەسلەپكى تەرجىمىسى ۋە شەرھىسىنى ئىشلىگەندى.

فارابى باغداتتا ئېگىلىگەن بىلىملىرى بىلەن يەنە قانائەت ھاسىل قىلالمىدى. فارابى گەرچە يېڭىياچە مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئۆگىنىش ۋە ئىزلىنىشتىن ئايرىلغان بىر مىنۇتمۇ ئۇنىڭغا ھارام ئىدى. شۇڭا، ئۇ داۋاملىق ئۆگىنىش نىيىتىدە ھەرران شەھىرىگە كەلدى. ھەرران ئەينى يىللاردا



مېسسوپوتامىيىدىكى مۇھىم بىر مەدەنىيەت ئوچىقى ئىدى. ئۇ يەر قەدىمكى ئاسترولوگىيە ۋە سەبىئان دىنىنىڭ گەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىدا باغدات شەھىرىدىن جىق ئىلگىرىلەپ كەتكەندى. فارابى ھەرراندا خرىستىئان دىنىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، دوختۇر ۋە ئالىم بەشەر مەتتە ئىبنى يۇيۇسنىڭ ئۇستازى يوھەننا بىننى ھەيلان جىلىددىن پەلسەپە ئۆگەندى. ئۇ فارابىغا ئاساسەن لوگىكا ۋە ئارىستوتىل پەلسەپىسىدىن، يەنە ماتېماتىكا، نەزەرىيىۋى تېبابەتچىلىك ۋە پىفاگور مۇزىكا تەلىماتىدىن تەلىم بەردى.

فارابى باغداتتىكى ۋاقتىدا ئەتراپىغا دۆۋە - دۆۋە كىتابلارنى يىغىۋېلىپ جان - جەھلى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنگەندى. ئاشۇ كىتاب دۆۋىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئارىستوتىلنىڭ كىتابلىرىمۇ ئۇچرىغانىدى. بۇ ھادىسە فارابىنىڭ ئارىستوتىلچىلىق ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يېڭى بىر پەللە ياراتقان نامايەندىسى بولۇپ قېلىشىغا دەسلەپكى سەۋەب بولۇپ قالغانىدى.

فارابىنى ھەرران شەھىرىگە دەل ئارىستوتىل ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىش ۋە ئارىستوتىل پەلسەپىسىنى پىششىق ئىگىلەش ئىستىكى سۆرەپ كەلگەندى. فارابىنىڭ ئىلىم يولىدىكى ئىزلىنىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا ئارىستوتىلغا بولغان قىزىقىشنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. فارابى ئۆزىدە تۇرغۇزۇلغان تەبىئەتشۇناسلىق كۆزقارىشى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كۆزقاراشلىرىنىڭ تۈرتكىسى، شۇنداقلا تۇيۇقسىز ئۇچرىغان ئارىستوتىل ئەسەرلىرى قەلبىدە قوزغىغان يېڭى ئىنتىلىشلەر فارابىنى

تەبىئىي يوسۇندا ئۇ ئۆزى مەرۋىدىكى چېغىدىلا داڭقىنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ ئالىم — يوھەننا بىننى ھەيلان ھوزۇرىغا باشلاپ كەلدى.

فارابى ھەرراندا ئالېكساندىرىيە ئىلمىي گۇرۇھىدىكى خرىستىئان تەرجىمانلار تەرجىمە قىلغان ئارىستوتىل ئەسەرلىرى بىلەن ئارىستوتىلنىڭ گرېك يېزىقىدىكى ئەسلىي ئەسەرلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەندى. ئۇ ئارىستوتىلنىڭ «روھ توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى يۈز قېتىم، «مېتافىزىكا» دېگەن ئەسىرىنى 40 قېتىم، «رىتورىكا» دېگەن ئەسىرىنى 20 قېتىم ئوقۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ماھىيەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چۈشەندى. فارابى ھەربىر ئەسەرنى قايتا ئوقۇغاندا ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرىراق تەلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ ماھىيىتى، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە نۇقسانلىرىنى تولۇق ئىگىلەشكە تىرىشاتتى.

فارابى ئىلىمگە بولغان زىيادە قىزىقىشتىن قېيىن شارائىتتىمۇ، ھەتتا ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ قاتتىق تەقىبى ئاستىدىمۇ قىلچە بوشاپ قالمىدى.



# دار ئالدىدا تۇتقان يىغا

فارابى باغداتقا ئىككىنچى قېتىم كەلگەن ۋە ئۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قالغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يېقىن سۆھبەتدىشى ، مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى پەيلاسوپ مەنسۇر ھەللاج دەھرىيلىكتە ئەيىبلىنىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئەبۇل مۇغىس ئەل ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ئەل بەيزەۋى ھەللاج (857 — 922) جۇنەيد باغدادى، بايەزىد بەستامىلار بىللە دەسلەپكى باسقۇچتىكى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرغان ئۈچ مەشھۇر شەخسنىڭ بىرى ئىدى. تەسەۋۋۇپچىلىق دەسلەپتە ئىسلام خەلىپىلىكىدىكى چىرىكلىك ۋە ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارغا نارازى بولغان بىر قىسىم تەقۋادارلارنىڭ زاھىتلىق يولىغا مېڭىپ، خىلۋەتلەردە يېگانە ھالدا قەلبىنى تازىلاپ، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشىدىن باشلانغان بىر خىل ئىبادەت ئىستىلى ئىدى. كېيىنچە ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ساداقىتى ئارقىلىق ئاللانى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتىش ئىستىكى ئويغىنىشقا باشلىدى. مانا شۇنداق خاھىشلارنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەسرەلىك ئايال سوپى رەبىيەتۇل ئەدەۋىييە (717—801) نىڭ «ئىلاھىي ئىشق» قارىشى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئىشق مۇتلەق گۈزەللىك (ئاللا) بولغان چەكسىز ئىشق ئىدى. ۋۇجۇدىغا بۇنداق ئىلاھىي ئىشق چىرماشقان ئاشىقتا يار (يەنى

ئاللا) غا ئىنتىلىشتىن ئۆزگە مەقسەت مۇددىئا بولماسلىقى، مۇتلەق گۈزەللىكنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى خىيال قىلماسلىقى، جەننەت تەمەسى ۋە دوزاخ قورقۇنچىسىدىنمۇ مۇتلەق خالىي بولۇشى، ۋۇجۇدى ئاللاغا بولغان چەكسىز ئىشق بىلەن لىق تولۇپ تۇرغان بولۇشى ۋە بۇ يولدا ئۆلۈپ كېتىشنى بەخت دەپ بىلىشى كېرەك ئىدى. تۇنجى سوپى رەبىيەتۇل ئەدەۋىييە ئۆز ئىبادىتىدە دائىم: «ئەي، خۇدا! ئەگەر مەن ساڭا دوزاختىن قورقۇپ ئىبادەت قىلسام، مېنى دوزاخقا تاشلاپ كۆيدۈر. ئەگەر جەننەت ئۈمىدى بىلەن ئىبادەت قىلسام، جەننەتنى ماڭا ھارام قىل. . .» دەپ ئىلتىجا قىلىدىكەن.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا «ئىشق» قارىشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق چۈشەنچە، كۆزقاراشلار مانا شۇ «ئىشق» كۆزقارىشىنى مەركەز قىلغان ھالدا راۋاجلىنىپ بارغانىدى. «ئىشق» كۆزقارىشى راۋاجلىنىپ «ئىنسانىي ئىشق» ۋە «ئىلاھىي ئىشق» دەپ ئىككىگە ئايرىلدى. زۇننۇن مىسرى ئۆزىنىڭ «مەرىفەت» قارىشىدا «ئىلاھىي ئىشق» قارىشىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەسەۋۋۇپنى مۇتلەق گۈزەللىككە يېتىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىش، تونۇشتىن ئىبارەت مەنتىقىي ھالدىكى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈردى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى «مەرىفەت» ئاللانى تونۇش يولىدىكى بىلىشنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ھەقنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزلۈكتىن كېچىش كېرەك ئىدى. ئاللانى تونۇش ئەقىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىشقنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشاتتى. ھەقنى بىلىش ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىش،



قەلبنى يورۇتۇش كېرەك ئىدى. مەنىۋى يۈكسىلىش ئاۋامۇ، خاسمۇ قوبۇل قىلغان تەۋبە ـ تەۋەككۇل، خاس قوبۇل قىلىپ ئاۋام قوبۇل قىلمىغان مۇھەببەت، ئاۋامۇ، خاسمۇ قوبۇل قىلمىغان ھەقىقەت باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتەتتى. زۇننۇن مىسرى يۇقىرىقى تەلىماتلىرى ئۈچۈن «بىدئەت» دەپ ئەيىبلىنىپ باغداتتا تەقىب ئاستىغا ئېلىنغانىدى.

زۇننۇن مىسرىدىن كېيىن خارىس مۇھاسىبى ئىنسانىيەت پسىخىكىسىغا قارىتا ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بارغان مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە تەسەۋۋۇپنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئاساسىنى بېيىتىپ، قەلبنى تازىلاش ۋە شۇ ئارقىلىق مەنىۋى يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى كۈزىتىش ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. مۇھاسىبىنىڭ قارىشىچە، روھ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. ئۈستۈنكى روھ تەن بىلەن بىرلىشىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي روھ ھېسابلىناتتى. بۇ روھقا يارىتقۇچى ئاللا ئۆز سىرلىرىنى جەملىگەنىدى. ئاستىنقى روھ بولسا تەننى ئاساس قىلغان، بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى بولغان «نەفس»تىن ئىبارەت ئىدى. ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق قەبىھلىكلەر مانا شۇ نەفستىن كېلىپ چىقاتتى. شۇڭا، سوپىلىق يولىنى تۇتقان كىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نىشان — نەفسنى يېڭىپ، ئۇنى روھىي كىشەنلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئەركىن، ساپ ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك ئىدى. مۇھاسىبى «ئىنساندىكى نەفسكە زور بىر ئالۋاستى يوشۇرۇنغان، ئىنسان ئۇنى ئۆز ئەركىگە

قويۇۋەتسە، ئۇ ئىنساننى گۇناھ پاتقىقىغا چۆكۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ھەر دەقىقىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ تۇرۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق نەفسنى يېڭىشى كېرەك» دەپ قارايتتى.

مۇھاسىبىدىن كېيىن بايەزىد بەستامى تەسەۋۋۇپنى «فەنا» كۆزقارىشىغا تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋۇجۇدى ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق ئۈچۈن ئاخىرقى مەنزىل — فەنا يەنى يوق بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يەردىكى يوق بولۇش ئاشىقنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزلۈكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا ئۆز مەشۇقى (ئاللا) غا قوشۇلۇپ كېتىشىگە قارىتا ئىشلىتىلگەنىدى. بايەزىد بەستامىنىڭ فەنا قارىشى — مەنىۋى جەھەتتىن كامىللىققا ئېرىشىپ ھەق ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق ئېتىش، ئۆزلۈكتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالماسلىق بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئاشىق ئۆز مەشۇقى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قاراشلىرى ئاساسىدا، «يىلان پوستىنى تاشلىغاندەك مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەرك ئەتتىم. بىر چاغدا ئۆز ماھىيىتىمگە قارىسام . . . ئاھ، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپتىمەن!» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «مەن ئۆزۈمدىكى بارلىق قۇسۇرلاردىن قۇتۇلدۇم. جىسمىمدا خۇدادىن بۆلەك ھېچ نەرسە قالمىدى. ئۇلۇغمەن، ئۇلۇغمەن، شانۇشەرەپكە تولۇقمەن!» دەيدۇ. بەستامى بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن «كاپىر» دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆز شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. لېكىن، سوپىلار ئارىسىدا بولسا «ئۇلۇغلۇق سۇلتانى» دەپ شۆھرەت قازاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىغا يېتىشىدىكى ئالدىنقى شەرت — ئۆزلۈكتىن



كېچىش، ئۆزلۈكنى يوقىتىش، يەنى فەنا بولۇش دەپ قارالدى.

مانا شۇ فەنا قارىشىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، تەسەۋۋۇپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ يوق بولغانلىقىنى جاكارلىيالىغان سوپى — مەنسۇر ھەللاج ئىدى. مەنسۇر ھەللاج مىلادىيە 857 - يىلى پارس ۋىلايىتىنىڭ بەيزا شەھىرى ئەتراپىدىكى تۇردا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياشلىقىدىنلا تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئاتاغلىق سوپىلاردىن، جۈملىدىن جۈنەيد باغدادىدىن تەلىم ئالغان. لېكىن، تەسەۋۋۇپتا مۆتىدىل يول تۇتۇپ، ئۇنى ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش خاھىشىدىكى جۈنەيد ھەللاجنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى دەسلەپكى پىكىرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەللاج جۈنەيددىن ئايرىلىپ جاھانكەزدىلىككە ئاتلاندى. ئۈچ قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلدى. ماۋرائۇننەھر، ھىندىستان ۋە خوتەنگىچە باردى. مەنسۇر ھەللاج مانا شۇ جاھانكەزدىلىك ھاياتىدا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى سۆزلەپ تارقاتقانىدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىملىق ھەجدىن كېيىن باغداتقا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇرىت - مۇخلىسلار توپلاندى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر سۆزلىرى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆلىما - موللىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. ئەسلىدىنلا تەسەۋۋۇپنى ئىسلامدىن چەتلەپ كەتتى، دەپ ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى مەنسۇر ھەللاجغا قارشى چىققانىدى. مەنسۇر ھەللاجنىڭ نامىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تاراتقان

«ئەنەلھەق» (مەن ھەقمەن، مەن خۇدامەن) دېگەن بىر ئېغىز سۆزى ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ مەنسۇر ھەللاج زىندانغا تاشلاندى. ئۇ بىرىنچى قېتىم زىنداندىن ئازات قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۆز ئېتىقادىدىن ۋە سۆزىدىن يالتايمىدى. ئەكسىچە داۋاملىق «ئەنەلھەق» دەپ خىتاب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە زىندانغا تاشلىنىپ سەككىز يىل ياتتى. كىشىلەر زىندانغا كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— ئەي ھۇسەيىن، ئېيتقان سۆزۈڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورىغىن، زىنداندىن قۇتۇلىسەن.

— مەن ئۆزرە قويغۇدەك نېمە دەپتىمەن؟ مەن يارانقۇچىدىن كېچىپ يارالغۇچىغا يالۋۇرمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ھەللاج كەسكىن تەلەپپۇزدا.

مەنسۇر زىنداندىكى قىيناشلار ئالدىدىمۇ ئۆز ئېتىقادىدىن يانمىغانلىقى ئۈچۈن شۇ چاغدىكى باغدات قازىسى ئۆمەر ھەمەدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى جۇنەيدنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن باغدات خەلىپىسى مەنسۇر ھەللاجنى دارغا ئاستى. جۇنەيد ئۇچىسىدىكى سوپىلارنىڭ تونىنى سېلىپ، ئۆلىما قىياپىتىگە كىرىپ: «بىز ئۇنىڭ زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىمىزكى، ئۆلۈمگە لايىقتۇر؛ باتىنىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ» دەپ پەتىۋا بەردى.

922 - يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەنسۇر ھەللاج دارغا ئېسىلدى. بېشى نەچچە كۈنگىچە دار ياغىچىغا ئېلىپ قويۇلدى. تېنى نەچچە پارچە قىلىپ كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى دەجلە دەرياسىغا سورۇلدى. مەنسۇر ھەللاج دار ئالدىغا كەلگەندە دۇئا ئوقۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا ئاللاغا مۇنداق ئىلتىجا



قىلدى:

«سېنىڭ قۇللىرىڭ ساڭا بولغان يېقىنچىلىقى ۋە دىنىڭغا بولغان سادىقلىقى تۈپەيلى مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولدى. ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن. چۈنكى سەن ماڭا كۆرسەتكەن سىرلارنى ئۇلارغىمۇ كۆرسەتكەن بولساڭ، مېنى بۇنداق چۈشەنمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇلاردىن يوشۇرغان سىرلارنى مەندىنمۇ يوشۇرغان بولساڭ، بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلىمەس ئىدىم.»

فارابى ھەللاجنىڭ دار ئالدىدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئاتا - ئانىسى بىلەنمۇ سوغۇق كۆلۈمسىرەپ خوشلاشقان فارابى ھەللاجنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالدى. لېكىن، كۆز ياشلىرىنى دار ئالدىدا مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھەللاجنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىماي دەرھال تەتۈر قارىۋالدى.

# يول تەڭرىگە...

فارابى ھەللاجنىڭ جەسىتى بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، يول بويى ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىدى.

فارابى ھەللاجنىڭ داڭقىنى باغداتقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاڭلىغانىدى. دەسلىپىدە ئۇنىڭ ئەل ئىچىگە تارقالغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى زىيادە ھېسسىياتچان ۋە ھەردەمخىيال بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ «ئەنەلھەق» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئاڭلاپ، دەسلىپىدە ئۇنى «ئۇچىغا چىققان ئەسەبىي ئادەم بولسا كېرەك» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما «ئەنەلھەق» دېگەن بۇ سۆزنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. بۇ سۆز ئۇنى خۇددى ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان ئىلىملارغا ئوخشاشلا قاتتىق مەپتۇن قىلىۋالدى. ھەللاج مۇشۇ سۆزى تۈپەيلى بىر قېتىم زىندانغا كىرىپ چىقىپ، يەنە توۋا قىلماي «ئەنەلھەق» دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، فارابى ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكىدىن تۈنجى قېتىم گۇمانلاندى. قۇلىقى ئۇزۇن شاگىرتلىرى ئارقىلىق ھەللاجنىڭ «تەڭرىنىڭ خاھىشى» ۋە «تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مۇناسىۋەت ھەققىدە ئېلىپ بارغان مەنتىقىگە ئۇيغۇن مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ، ھەللاجنىڭ ئەسەبىيلىكى توغرىسىدىكى گۇمانلىرى پۈتۈنلەي يوققا چىقتى. فارابى



مەنتىقلىق پىكىر قىلىشنى بىلگەن ھەرقانداق ئادەمنى ئەسەبىيلىكتىن خالىي دەپ ئىشىنەتتى. «ئەگەر ھەللاج ‹مەن ھەقمەن، مەن خۇدامەن› دېگەن يەكۈنگە مەنتىقلىق تەپەككۇر يولى بىلەن ئېرىشكەن بولسا، ئۇ ھەقىقەتنى بايقاشقا تامامەن قادىر ئىكەن» دەپ ئويلىدى. فارابى ئۆزىنىڭ ھەللاج ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ ئىختىيارسىزلا ئۆزى يالغۇز ھالدا مەنسۇر ھەللاجنى ئىزلەپ كېتىپ قالدى.

فارابى مەنسۇر ھەللاجنى باغداتنىڭ خالتا كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى غېرىبانە كۆلبىسىدىن كۈن چۈش بولغاندا ئاران تاپتى. بۇ چاغدا جەندە، كۇلاھ كىيىپ، چاچ ـ ساقاللىرىنى بولۇشىغا ئۆستۈرۈۋەتكەن، كۆزلىرىدىن ئاشىقلىق ئوتى چاقناپ تۇرغان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، يۈزى سوزۇنچاق، ئورۇق ۋە ئېگىز بوي كەلگەن ھەللاج ئۆزىنىڭ بىرقانچە مۇرىتىغا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بېرىلىپ سۆزلەۋاتاتتى. مۇرىتلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپتاپتا قالغان مومىيادەك يۇمشاپ كېتىۋاتاتتى.

— كىم؟ — دەپ سورىدى ھەللاج ئىشىكتە فارابىنىڭ بېشىنى كۆرۈپ.

— خوتەندىن كەلگەن مۇساپىرمەن. ھەزرەتلىرى بىلەن خىلۋەتتە كۆرۈشسەم.

— تەڭرىدىن كەلگەن ئەزرائىل بولساڭمۇ ماڭا بەرىبىر. دۇنيادىن كەچكەن دەرۋىشمەن. مەن تۇرغان ھەرقانداق جاي خىلۋەتگاھتۇر.

— دۇنيادىن كەچمەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭغا تەڭرى يوشۇرۇنغان.

— بەللى، رەسمىي خوتەنلىكتەك گەپ قىلدىلا، — ھەللاجنىڭ تەلەپپۇزى بىردىنلا يۇمشاپ قالدى، — بۇددىلارنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان خوتەنلىكلەر ھەممىلا ئادەمنى تەڭرى بىلەن بىرلىشەلەيدۇ، دەپ چوڭقۇر ئىشىنىدىكەن. مەن خوتەنگە بارغاندىن كېيىن ئىچىمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا «ئەنەلھەق!» دەيدىغان بولۇپ قايتىپ كەلگەنىدىم. خوتەندەك يىراق جايدىن مېنى ئىزلەپ كەلگەنلىرىگە قارىغاندا ئاشىقلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغاندەك قىلىدىلا. بايىقى سۆزلىرىگە قارىغاندا يەنە ئاشىقلىقنى ئىچكى چۈشەنمەيدىغاندەكمۇ قىلىدىلا، تەقسىر.

— ھەرقانداق ئىشقا ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك. مەن ئويلايمەنكى، تەڭرى تەبىئەتنىڭ دەل ئۆزىدە!

— مەن ئويلايمەنكى، تەڭرى دەل ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدا! قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە! — ھەللاج سەل - پەل ھاياجانلاندى ۋە فارابى كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى رەسمىي ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— تەبىئەتنىڭ تۆر - پەگاھى يوق. شۇنداقلا تەڭرى ئالدىدا ھەممىلا ئادەم باباراۋەر، — دېدى فارابى ھەللاجنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن ھۆرمىتىگە جاۋابەن.

مۇشۇ گەپنى ئاڭلاپلا ھەللاج كۈتۈلمىگەن چاققانلىق بىلەن فارابىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.

— بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە بۇنداق سۆزلەر پەقەت ئەبۇ نەسىر فارابى ھەزرەتلىرىنىڭ ئاغزىدىنلا چىقىشى مۇمكىن.

— ھەزرەتلىرى پېقىرنى دەل جايىدا تونۇۋالدىلا.

فارابى ھەللاج بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.



پايانى يوق ئىلىم ئالتۇنىنىڭ ئىرىتمىسى تاشقىنلاپ تۇرغان ئىككى دېڭىز بىر - بىرىگە ئەنە شۇنداق قوشۇلۇپ كەتتى!

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن فارابى شاگىرتلىرىنىڭ كۆزىگە بىرەر ھەپتىگىچە كۆرۈنمىدى. ئىككى ئالىم ھەللاجنىڭ غېرىبانە كۆلبىسىدە ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىزغىن سۆھبەتلىشىپ كەتتى.

فارابى ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ناتۇرال فانتىزملىق پەلسەپۋى سىستېمىسىنى تۇنجى قېتىم ھەللاجنىڭ ئالدىدا رەت - رېتى بىلەن تەپسىلى شەرھلەپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىجتىمائىي پەلسەپۋى قاراشلىرى ۋە ئىلىم - پەن قاراشلىرىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ھەللاجنىڭ ئالدىغا تۆكتى:

— مېنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى پەلسەپۋى قاراشلىرىم «بارلىق نەزەرىيىسى»، «بىردەكلىك نەزەرىيىسى»، «كامالەتكە يۈزلىنىش نەزەرىيىسى» دىن ئىبارەت ئۈچ تۈۋرۈك ئۈستىدە ئۆرە تۇرىدۇ، — دېدى فارابى ھەللاجنىڭ ئۆزىدىن تەبىئەت چۈشەنچىسى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋابەن گەپ باشلاپ، — مۇقەررەر بارلىق ياكى بارلىقنىڭ مۇقەررەرلىكى غەيرىي بارلىقنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسە ئەسلىي زاتتۇر. مەسىلەن، ئالما ۋە شۇ خىلدىكى بارلىق نەرسىلەر شۇنداق. ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرمىغان نەرسە غەيرىي ئەسلىي زاتتۇر. ئالمىنىڭ رەڭگى ۋە شۇ خىلدىكى بارلىق نەرسىلەر شۇنداق. بارلىق ماددا (جەۋھەر) ۋە شەكىلدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. پۈتۈن كائىنات ھەقىقەتەن ئىككى ۋاستىدىن، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ماددا ۋە

شەكىلدىن ئىبارەت. ماددا مەۋجۇداتنىڭ ئاساسى. ئۇ ئەسلىي زاتلىق، مەڭگۈلۈك ۋە مۇقەررەرلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خۇسۇسىيەتكە ئىگە. تۇپا، سۇ، هاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئانا زات ئاساسلىق ماددىي بارلىقتۇر. هەممە شەيئىلەر مۇشۇ ئالەم «تۆتلىك شىئىرى»نىڭ مۇرەككەپ قوشۇلمىسىدىن بارلىققا كەلگەن. ماددىنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى دېگەندە، ئۇنىڭ باش ۋە ئاخىرى يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتىمىز. ماددا ماددا پېتى قېلىۋېرىدۇكى، هەرگىز ماددىدىن غەيرىي نەرسىگە ئۆزگىرىش قالمايدۇ. ماددا هەرىكەتچانلىققا ئىگە؛ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ هەرىكەتچانلىقى مۇئەييەن قانۇنىيەتكە ئىگە. ئۇ مۇمكىنلىكتىن چىنبارلىققا ئۆتۈشنىڭ ماهىيەتلىك سەۋەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مانا بۇ ماددىنىڭ ئەسلىي زاتلىق، مۇستەقىللىق خۇسۇسىيىتى. بارلىقنىڭ ئىككىلەمچى ئامىلى شەكىلدىن ئىبارەت. شەكىل ماددىغا بېقىنىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ ھەم ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. ماددىسىز مۇستەقىل شەكىل، هالەت، هادىسە، غەيرىي ئەسلىي زات بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تەبىئەت ئىلىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى مۇتلەق ماددىنىڭ بارلىق شەكىللىرى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. نەزەرىيىۋى بىلىم ھەممىدىن ئىلگىرى شەيئىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشنى، ئۇنىڭغا تەرىپ بېرىشنى ۋە ئۇنىڭ ماددىسىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىنىڭ شەرتى بارلىقنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىشتىن ئىبارەت. ماددا ئۆزىنىڭ ماددىلىق تەبىئىتى بويىچە ئۆزگەرمەس بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىرى، ھالىتى، قامەتلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ



بىر خىل ئۆزگىرىپ ئۈستىدە تۇرغىنىدا باشقا بىر قاتار ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ھالەت چەكسىز داۋاملىشىدۇ. شەكىللەر چەكسىز ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولسىمۇ، ئوخشاش دەرىجىلىك مەۋجۇدات بولمىغان ماددا بىلەن شەكىل بىر ـ بىرىگە ئۆزگەرمەيدۇ.

مەنسۇر ھەللاج ئۇنىڭ مەنتىقلىق بايانلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغاچ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولدى. فارابى كۆزلىرىنى يورۇسقا تىككىنىچە يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ نەزىرىمدە تەبىئەت بىلەن تەڭرى بىردەكلىككە ئىگە. ئاسمان جىسىملىرى بىلەن زېمىن جىسىملىرى بىردەكلىككە ئىگە. ئالەم بىلەن ئادەم بىردەكلىككە ئىگە. شەيئىلەر بىلەن بىلىش جەريانلىرى، بىلىش قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىلىش ھەقىقەتلىرى بىردەكلىككە ئىگە. تەبىئەت ھەمجەھەتلىكى بىلەن جەمئىيەت ھەمجەھەتلىكى بىردەكلىككە ئىگە. مۇتەكەللىزىمچىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن تەڭرىنى، ماددىي ھادىسىلەر بىلەن «ئالەم ئەقلىي» دەپ قارالغان قانۇنىيەتلەرنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويىدىغان سەپسەتىلىرى ئالەمشۇمۇل بىردەكلىككە خىلاپ. تەبىئەتتە ماددا ۋە ئۇنىڭ شەكلىدىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. دىنىي ئىشەنچلەرگە پەقەت ئىجتىمائىي ئېتىقاد ۋە ئەخلاق دائىرىسىدىلا يول قويۇشقا بولىدۇ. ئۇنى ئۆلۈك ھالدا ھەممىلا ساھەگە تەتبىقلىۋېلىش مەنتىقىي تەپەككۇرنىڭ قىڭغىر يولغا كىرىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭچە ئىسپاتلانغان ۋە ئىسپاتلىنالايدىغان نەرسىلا ھەقىقەت. ساما جىسىملىرىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان يېپىق

شار بولماستىن، بەلكى زېمىن جىسىملىرىغا ئوخشاش تۆت زاتتىن تۈزۈلگەن، بىلگىلى بولىدىغان ئوچۇق دۇنيا. ئاسترونومىيە، لوگىكا، گېئومېتىرىيىلىك بايقاشلار ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

فارابى سۆزلەۋېتىپ ھەللاجنىڭ چېھرىدە پەيدا بولغان كۈچلۈك بىر نارازىلىقنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشلار ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىلگەنلىكىنى بايقاپ تۇردى.

— ئادەم «كىچىك كائىنات»، «تۆتىنچى تەبىئەت»، «ئىجتىمائىي ھايۋان»، — دېدى فارابى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئادەم ماددا ۋە ئۇنىڭ شەكلى بولغان روھتىن تۈزۈلگەن. ئادەم ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۇنىڭ روھىنىڭمۇ ئاخىرلىشىشىدۇر. قايتا تۇغۇلۇش ياكى روھنىڭ ئۆلمەسلىكى مەنتىققە سىغمايدۇ. ئادەم ئالەم تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى بىر ھالقىدىن ئىبارەت. مىنېراللارنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ھايۋانلارنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن، ھايۋانلارنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئادەم بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئادەم ھايۋاندىن كېيىن پەيدا بولغان ۋە نۇتۇق، تەپەككۇر ئىقتىدارى جەھەتتە ھايۋاندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر خىل شەيئىدۇر.

فارابى سۆزىنى توختىتىپ ھەللاجغا قارىدى.

— مۆلاھىزىلىرىڭىزنىڭ مەنتىقلىق ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. بىراق، مۆلاھىزە قىلىشتا تايانغان ئاساسلىرىغا نىسبەتەن مەن تامامەن باشقىچە پىكىردە. ئالدى بىلەن جانابلىرىنىڭ بايانلىرى ئاياغلاشسۇن. ئاندىن مەن ئۆز



مۆلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قوياي، — دېدى ھەللاج فارابىنىڭ سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە جاۋابەن.

— شەيئىلەر قانۇنىيەتلىك بولغاچقا ئۇنى بىلىش مۇمكىن. بىلىش بىلەن بىلىنگۈچى ئارىسىدىمۇ بىردەكلىك مەۋجۇت.

— سىرنى پاش قىلغۇچىلارنىڭ قېنى ئاقسۇن! — دېدى ھەللاج ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ دۇنيادا مەڭگۈ بىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان بىر تىلسىمات مەۋجۇت. ئۇنى ئېچىپ تاشلايمەن دېيىش ئەخمىقانىلىكتۇر.

— تەقسىر، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇنۇپ باقايلى. پەقەت ئېچىپ بولالمىغان چاغدا ئاندىن تەن بەرسەكمۇ كېچىكمەيمىزغۇ؟

— ھىممەتلىرىگە قايىلمەن. ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى مۇئەييەن غەرەزدىن دېرەك بېرىدۇ. غەرەز ئارىلاشقان تەپەككۇر ساغلام بولمايدۇ ۋە ھەقىقەتنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

— مەنتىق تەپەككۇرنىڭ ساغلاملىقىغا تولۇق ھۆددىگەر بولالايدۇ.

— شۇنداقتىمۇ مەنتىقتە تايىنىدىغان ئاساسلارنى توغرۇلۇشتا تەپەككۇرنىڭ ساغلاملىقىغا كېپىللىك قىلىش مۇشكۇلدۇر، تەقسىر.

— ئالەمشۇمۇل بىردەكلىك مەنتىقىي تەپەككۇردا تايىنىدىغان تۈپ ئاساستۇر.

— بۇ جەھەتتە بىز ھەر ھالدا بىر پىكىرگە كېلەلەيمىز. قېنى، مۆلاھىزىلىرىنى داۋاملاشتۇرسىلا.

— ئالەمشۇمۇل بىردەكلىك نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ھەتتا جەمئىيەتنىڭ ھەمجەھەتلىكىنىمۇ تەبىئەتتىكى ھەمجەھەتلىكنى ئەنداز قىلغان ھالدا ھەل قىلىش كېرەك.

— بۇ سۆزلىرىگە تەڭرىنىڭ «ھەقراس» دەيدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرەلەيمەن.

— ئەمدى كامالەتكە يۈزلىنىش ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىم ئۈستىدە توختىلاي. ماددا ۋە ئۇنىڭ شەكلى ھەرىكەت تەرەققىيات مۇمكىنلىكىگە ئىگە. مۇمكىنلىكنىڭ چىنبارلىققا ئايلىنىش جەريانىمۇ ھەرىكەتتىن ئىبارەت. ئومۇمىي ھەرىكەت ئالەم ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. ھەرىكەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بىر مۇناسىۋەتتىن باشقا بىر مۇناسىۋەتكە ئۆتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن ھەرىكەتكە دۇچار بولغان جىسىمدا ئاز - ئازدىن، بىر بۆلەك - بىر بۆلەكتىن ئۈزلۈكسىز يوسۇندا نەرسە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ھەرىكەتتە شەيئى بىر سۈپەتتىن باشقا بىر سۈپەتكە ئۆتۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، جىسىمنىڭ ئاقارتىش ئارقىلىق قارا رەڭدىن ئاق رەڭگە ئۆزگىرىشى ياكى قىزدۇرۇش ئارقىلىق سوغۇق ھالەتتىن ئىسسىق ھالەتكە ئۆتۈشى. ھەرىكەت ئىككى تۈرگە — مەركەزدىن قاچقۇچى، مەركەزگە ئىنتىلگۈچى ھەرىكەت بىلەن زىددىيەتلىك ھەرىكەتكە بۆلۈنىدۇ. ھەرىكەتنىڭ قانداق بولۇشىنى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان جىسىم بىلەن مۇساپىنىڭ يىراق - يېقىنلىقى بەلگىلەيدۇ. تەرەققىيات ھەرىكەتنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشىدىن ئىبارەت. ئاددىيلىقتىن



مۇرەككەپلىككە، تۆۋەندىن يۇقىرىغا، يەنى كامالەتكە قاراپ يۈزلەنگەن ھەرىكەت تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. تەرەققىيات جەريانى ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىدا ئالدىنقى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ نەتىجىلىرى ساقلانغان ۋە شۇ بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلەيدىغان تەرەققىيات تاكامۇللىنىشقا يۈزلەنگەن ھەرىكەتتۇر.

— بىر - بىرىگە زىت شەيئىلەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئۇلاردا زىددىيەتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسەتمەيدۇ، — دېدى فارابى يەنە زىددىيەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — زىددىيەت ھەرىكەتنىڭ بىر خىل شەكلىدىن ئىبارەت، خالاس.

— مېنىڭچە زىددىيەت شەكىل ئەمەس، بەلكى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ سەۋەبى. تەڭرى دائىم ئۆز خاھىشى بىلەن بۇيرۇقىدىن ئىبارەت زىددىيەتلىك ئىككى قۇتۇپنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بولىدۇ، — دېدى ھەللاج فارابىنىڭ پىكرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— مەن يەنىلا ئۆز پىكرىمنى ساقلاپ قالىمەن، — دېدى فارابى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىككى قۇتۇپ زىددىيىتى ھەرقانداق بىر جىسىمدىكى مۇمكىنلىك. ئەمما ماددا بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولمايدۇ، بەلكى ماددا بىلەن ئۇنىڭ ھالىتى، مۇناسىۋەتلىرى، جىسىم بىلەن جىسىم ئارىسىدا زىددىيەت بولىدۇ. مېنىڭچە سەۋەبىيات بىر خىل كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇم. ماددا، شەكىل، مۇناسىۋەت، ھەرىكەت، ئۆزگىرىش، زىددىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سەۋەب بولالايدۇ. سەۋەبلەر يېقىن سەۋەب، يىراق سەۋەب،

ۋاستىلىك سەۋەب، بىۋاستە سەۋەب، يېقىن ئارىلىقتىكى ۋە يىراق مۇساپىدىكى سەۋەب، يېقىنقى مەزگىللىك ۋە ئۇزاق ئۆتكەنكى سەۋەب، ماددىي سەۋەب ۋە مەنىۋى سەۋەبلەرگە بۆلۈنىدۇ. مۇقەررەرلىك ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت ۋە يېقىن سەۋەب بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك؛ ئۇ مۇمكىنلىك، مۇمكىنسىزلىك، كىچىك مۇمكىنلىك، ئېھتىماللىق، زور ئېھتىماللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. دائىملىق ۋە ماھىيەتلىك مۇقەررەرلىك ئەڭ نوپۇزلۇق سەۋەب قانۇنىيەتلىكتىن ئىبارەتتۇر.

— تەبىئەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ غايەت زور ئىلمىي قىممىتىگە قايىلمەن، — دېدى ھەللاج فارابىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — بىراق ماددا بىلەن شەكىلنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش، ماددا بىلەن ئۆزگىرىشنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش، زىددىيەتنىڭ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ بۇلىقى ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمۇش مۇلاھىزىلىرىنىڭ مەنتىقىي كۈچىنى سەل ئاجىزلىتىۋەتكەندەك قىلىدۇ.

دەرۋەقە بۇ فارابى ئۆزىمۇ بايقىمىغان ئەجەللىك نۇقسان ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ نۇقسان ئىكەنلىكىنى فارابىنىڭ ئالدىراپ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە ھەرقانداق مەسىلىگە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارمايتتى. ئەمما چىقارغان ھۆكۈملىرىدىن ئالدىراپ ۋاز كەچمەيتتى.

— دۇنيانى بىلىش ئىنساننىڭ ئىقتىدارى، — دېدى فارابى يەنە ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ھەققىدە گەپ باشلاپ، — ئىنسان دۇنيانى بىلىش ئىگە. مەيلى قايسى جىنس ياكى قايسى مىللەت بولمىسۇن بۇ جەھەتتە ئوخشاش



مۇمكىنچىلىككە ئىگە. ھېچكىم تۇغما بۆزچى ياكى باپكار بولۇپ تۇغۇلمىغان. دۇنيامۇ ئۆزىنى بىلدۈرۈش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە. جىسىملار ئۇزۇقلىنىدىغان ۋە ئۇزۇقلانمايدىغان بولىدۇ. ئۇزۇقلىنىدىغان جىسىملار سەزگۈچان ۋە سەزگۈسىز بولىدۇ. ئۇزۇقلىنىدىغان ھەم سېزىدىغان جىسىم ھايۋاندۇر. ھايۋانلار ئەقىلگە ئىگە ۋە ئەقىلگە ئىگە بولمىغان بولىدۇ. ئىنسان ئەقىلگە ئىگە ھايۋان. كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىلا باراۋەر بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغاندا ھېچقانداق ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي - پەزىلەت بولمايدۇ. ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلەر بەخش ئېتىلگەن بولىدۇ. بۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۇلار ئومۇمىي ماھىيەتلەر ھەققىدە ئەقلىي بىلىشكە مۇيەسسەر بولۇشقا ئىقتىدارلىق بولىدۇ. غەيرىي ئەسلىي زاتنى بەش سەزگۈ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باشقا ھېچقانداق ۋاستىچى بولمايدۇ. كۆرۈش رەڭنى قوبۇل قىلىپ، ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرىدۇ. ئاڭلاش ئاۋازنى قوبۇل قىلىپ، تاۋۇشنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى پەرقلەندۈرىدۇ. ھىدلاش پۇراقنى قوبۇل قىلىپ، خۇشبۇي ياكى بەتبۇيلۇقنى پەرقلەندۈرىدۇ. تەم سەزگۈسى تەمنى قوبۇل قىلىپ، تاتلىق ۋە ئاچچىقنى پەرقلەندۈرىدۇ. تېرە سەزگۈسى سېزىلىدىغان نەرسىدىن تەسىر ئېلىپ قاتتىق - يۇمشاقلىقنى پەرقلەندۈرىدۇ. ئەسلىي زاتنى پەقەت ئەقىل چۈشىنەلەيدۇ. ئەمما، بۇ ئوتتۇرىدا غەيرىي ئەسلىي زاتلار ۋاستىچىلىك قىلىدۇ. بىلىش بىر جەريان سۈپىتىدە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. تاشقى دۇنيا بىلەن ئادەمنىڭ ئۆز ئارا بىلىش ۋە بىلدۈرۈش مۇناسىۋىتى ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى لازىم. بىلىش سەزگۈدىن باشلىنىدۇ. سەزگۈلەرنىڭ

قوزغىلىشى سەزگۈ ئەزالىرى، يۈرەك ۋە مېڭىنىڭ پائالىيىتىگە بۆلۈنىدۇ. سەزگۈلەر تاشقى بەش سەزگۈدىن باشقا، بىر قاتار ئىچكى سەزگۈلەردىن تەركىب تاپىدۇ؛ ھېسسىي بىلىش سەزگۈ ئوبرازلىرى، ئىدراك، خاتىرە ۋە تەسەۋۋۇر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاتىرە بىلىشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر قاتار بىۋاستە بىلىم ۋە بىۋاستە ھەقىقەت مەسىلىسى ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىلا مۇئەييەنلىشەلەيدۇ. ئەقلىي بىلىش تىل ۋە تەپەككۇرنى قورال قىلىدىغان مۇھاكىمە جەريانى، يەككىلىكلەردىن ئومۇملۇقلارنى، ماھىيەتلەردىن ھەقىقەتلەرنى بىلىش ۋە ئىسپاتلاش جەريانىدىن ئىبارەت. ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى رەت قىلىش مەسىلىسى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇشى كېرەك. پەلسەپە بىلەن دىن مەنتىق ئارقىلىق، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە مەنتىق قانۇنلىرىنىڭ ئىزچىللىقى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بەزى بىلىملەر مەنتىقىي ئىسپاتلاشنى ھاجەت قىلمايدىغان ھەقىقەتلىك قىممەتكە ئىگە. ھەرقانداق چاغدا تولۇق پاراسەت ئىگىسى بولغان ئىنسانىيەتلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ مەنتىقىنىڭ ياردىمىسىز ساختىلىقتىن خالىي ھالدا ھەقىقەتكە مۇيەسسەر بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. سۆزىمىز ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىنغان يەكۈن قانداقلا بولمىسۇن ئىسپاتلىنىشى لازىم. چۈنكى، ئالەم يارىلىشىدىن ئەسلىي زات ۋە غەيرىي ئەسلىي زاتنىڭ سىرتىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىسپاتلاش مۇتلەق ھەقىقىي مۇھاكىمىدىن ئىبارەت. ئەقىل ئىقتىدارى ئەقىل، پائالىيەت باشلىغان



ئەقىل، ئىپرىشىلگەن ئەقىل ۋە پائال ئەقىل دەپ تۆت تارماققا بۆلۈنىدۇ. «ئالەم ئەقلىي» بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد جەملىنىپ كەلگەن ھەقىقىي بىلىملىرى بىردەكلىككە ئىگە.

— مەنتىقىي ئىسپاتلاشنىڭ رولىنى بۇنداق مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك، مەنتىقىي ئىسپاتنى ھاجەت قىلمايدىغان، پەقەت ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ ئارقىلىقلا سەزگىلى بولىدىغان مۇتلەق ھەقىقەتلىك قىممەتكە ئىگە بايقاشلارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن ئەۋزەل، — دېدى ھەللاج ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن. لېكىن، ئۇ ئاغزىدا ئۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە فارابىنىڭ مەنتىقىي باياندىرىغا ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولۇپ: «بىز تەڭرىنى بىلىشتە تۇيغۇنىڭ رولىنى زىيادە كۆپتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىۋالدۇقمۇ قانداق؟ تەڭرىنى بىلىشنىڭ يوللىرى ھەر خىل بولىدۇ. مېنىڭچە بۇنداق ھەر خىللىققا چەك قويماسلىق كېرەك. بۇنداق چەك قويۇش تەڭرىنىڭ خاھىشىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە دۇنيادىن ئىبارەت تەڭرىنىڭ بۇ نېمەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشتىن ساغلامراق ئىبادەت بولمىسا كېرەك؟! ...» دەپ ئويلىماقتا ئىدى ھەللاج كۆڭلىدە.

— ئاينىپ كەلگەن جىمى ئىپتىمالدىكى بارلىقلار ئىچىدىن بىر چوقۇم زۆرۈر بىر بارلىقنى تاپالايمىزكى، ئۇ ئۆز زاتىغا تايىنىپ ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ يىلتىزىدۇر، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى فارابى، — چۈنكى يارىتىلمىشلار ئىچىدە ئۆزئارا تايىنىش مەۋجۇت ئەمەس. ناۋادا بىز مەنتىق جەھەتتىن بىردىنبىر

يىگانە، مۇتلەق، مۇكەممەل، زۆرۈر بۇ بارلىقنى ئېتىراپ قىلساق، ئۇنداقتا بىز پەقەت بولۇش ئېھتىماللىقى بار باشقا مەۋجۇتلۇقتىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرسەكلا كۇپايە. بىر بارلىقنىڭ يەنە بىر بارلىقتىن ئايىنىپ كېلىشى مەنتىقىگە مۇۋاپىق. بىر بارلىقتىن پەقەت بىرلا بارلىق ئايىنىيدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا يەنە بىر نەرسىدىن قانداق قىلىپ بىرمۇنچە نەرسە ئايىنىيدۇ؟ ئەمما بىز ئۈچى يوق ئاشۇ زاماندىن تارتىپ ئاللانىڭ تونۇشىدىن باشقا بىر يەككە بارلىق، يەنى پاراسەت ئايىنىپ كەلسە، بۇ زىددىيەت ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. پاراسەت بىرىنچى بارلىقتىن كەلگەچكە ئۇ يارالمىش بولىدۇ. ئۈچى يوق ئاشۇ زاماندىن تارتىپ بىرىنچى بارلىققا مەنسۇپ قىلىنىپ بىرىنچى پاراسەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككىنچى بارلىقنىڭ ئۆزى بىر خىل ئېھتىمالدىكى بارلىق. ئەمما بىرىنچى بارلىق بولمىش رەئىس يارانقۇچى زۆرۈر بارلىق. بىرىنچى پاراسەت ئاندىن كېيىن پەيدا بولغان پاراسەتتىنمۇ مۇكەممەل. ئەمما ئۇ رەئىس يارانقۇچىغا يەتمەيدۇ. مۇشۇ بىرىنچى پاراسەتتىن ئىككىنچى پاراسەت چىقىپ ئەڭ دەسلەپكى سەييارە پەيدا بولدى. شۇ تەرىقىدە ئىككىنچى پاراسەتتىن ئۈچىنچى پاراسەت چىقىپ تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسى پەيدا بولدى. ئۈچىنچى پاراسەتتىن تۆتىنچى پاراسەت چىقىپ مىركۇرىي پەيدا بولدى. تۆتىنچى پاراسەتتىن بەشىنچى پاراسەت چىقىپ ۋېنېرا پەيدا بولدى. بەشىنچى پاراسەتتىن ئالتىنچى پاراسەت چىقىپ مارس پەيدا بولدى. ئالتىنچى پاراسەتتىن يەتتىنچى پاراسەت چىقىپ قۇياش پەيدا بولدى. يەتتىنچى پاراسەتتىن سەككىزىنچى پاراسەت چىقىپ يۇپىتېر پەيدا بولدى. سەككىزىنچى پاراسەتتىن توققۇزىنچى



پاراسەت چىقىپ ساتۇرن پەيدا بولدى. ئاخىرىدا توققۇزىنچى پاراسەتتىن ئونىنچى پاراسەت چىقىپ ئاي پەيدا بولدى. ئونىنچى پاراسەت يەنە پائالىيەتچان پاراسەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە دۇنيا ۋە شەيئىلەرنى پەيدا قىلدى. پائالىيەتچان پاراسەت ماددىي دۇنياغا تۈرلۈك تاشقى شەكىللەرنى بەردى. بۇنىڭدىن نۇرلىنىپ ئانئورگانىك ماددا، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە ئادەم پەيدا بولدى. شۇڭا، يەنە مۇشۇ پاراسەت تاشقى شەكىلنىڭ يۇرگۈزگۈچى پەرۋەردىگارى دەپ ئاتالدى. يەنى تەڭرى ئۇنىڭغا شەيئىلەرگە شەكىل كىرگۈزۈش خىزمىتىنى بەردى. پائالىيەتچان پاراسەتتىن تەننى تاشقى شەكىل قىلغان روھ پەيدا بولدى. بۇ روھلار پائالىيەتچان پاراسەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئەبەدىيلىكىنى ئىزلىدى. روھ ئەبەدىيلىككە ئېرىشكەندە تەنگە ھاجىتى قالمايدۇ. تەندىن خالىي پاراسەت دۇنياسىدا مەڭگۈ تۇرۇپ قالىدۇ. تەن ماددىي دۇنياغا مەنسۇپ. ئۇ ماددىي دۇنيادىلا مەۋجۇت بولىدۇ. پائالىيەتچان پاراسەت ئۆزلۈكسىز ھالدا دۇنيادىكى بارلىق چىنبارلىقنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، مۇشۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل كۆرگەن ھەم ئىنسانىي تىل بىلەن ئىپادىلىكىنى روشەن، ساپ تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە روھتۇر. بۇ خىل تىل شەيئىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىنساننىڭ سەزگۈسى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى ئىچىگە جايلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تەنلەرگە يېنىك ئىنكاستا بولىدۇ. بۇ تەننىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ ماددىنىڭ سەزگىلى بولىدىغان دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. پەقەت پەيلاسوپلارلا مەنتىقىي ۋە پەلسەپىۋى ئويلىنىش ئارقىلىق شەيئىلەر مەنبەسىنىڭ

پائالىيەتچان پاراسەتتە ئىكەنلىكىگە يېتىپ كېلەلەيدۇ ھەم ئۇنى ئېنىق بىلەلەيدۇ. پەيلاسوپ پائالىيەتچان پاراسەتتە بولىدىغان بارلىق شەكىللەرنى چۈشىنەلەيدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە تەڭرى بىرىنچى سەۋەب. تەڭرى مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرىنچى قىسمى ۋە باشقا مەۋجۇداتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى. تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئاسمان جىسىملىرى، پائالىيەتچان پاراسەت، روھ، شەكىل، ماددا قاتارلىق قالغان بەش سەۋەب بۇ بىرىنچى سەۋەبكە بېقىنمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ تەبىئىي راۋاجلىنىش جەريانىغا ئىگە. تەڭرى بىرىنچى بارلىق سۈپىتىدە بارلىق شەيئىلەر بارلىقىنىڭ دەسلەپكى سەۋەبى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق كەمتۈكلۈك مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئۇلۇغ بارلىق. ئۇنىڭدىن مۇكەممەل، ئۇنىڭدىن بۈيۈك بارلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بارلىقنىڭ مۇكەممەللىكى جەھەتتە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. بارلىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى جەھەتتە ئۇنىڭ دەرىجىسى ئەڭ ئۈستۈن. شۇڭا، ئۇنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەرگىز باشقا ھېچقانداق بارلىقتا بولۇپ قالمايدۇ. بىرىنچى بارلىق ماھىيەت ۋە ئەسلىي زات جەھەتتە باشلىنىشى يوق. باشقا ھەرقانداق شەيئىنىڭ شاپائىتىگە موھتاج ئەمەس. ئۇ ئۆز ماھىيىتى ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ ھەم ئەبەدىي مەۋجۇت بولىدۇ. باشقا ھەرقانداق بارلىق ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بولمايدۇ، ماددىسىمۇ، شەكلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، شەكىل پەقەت جىسىم دۇنياسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىرىنچى بارلىق باشقا ھارقانداق بارلىققا ئوخشىمايدۇ. ھەرقانداق شەيئى ئۇنىڭغا



تەڭداش بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. باش مەۋجۇتلۇقتا قانۇنىيەتچانلىق بولمايدۇ. يەنە ماھىيەتلىك ئېنىقلىمىسىنىمۇ ئىپادە قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل قانۇنىيەتچانلىق ئېنىقلىما بېرىشنى ئويلىشىۋاتقان شەيئىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ سۈپىتىدۇر. ناۋادا بىز ئاشۇ قىسىملارنى بىلسەك، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ بىلەلەيمىز. بىرىنچى بارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئېيتقاندا بىر پۈتۈنلۈك بولغانلىقتىن ئۇنىڭدا قىسمەنلىك بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا بېكىنمىلىكنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىرىنچى بارلىق ھېچقانداق بارلىققا ئوخشىمىغاچقا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە پەقەت ئۇنىڭ زاتىغا مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ يەككە تېنى دەل ئۇنىڭ زاتى ۋە ئۇنىڭ بارلىقىدۇر. ئۇنىڭ بارلىقىدا يا ماددا يا شەكىل بولمىغاچقا، ئۇ ئەمەلىيەتتە پاراسەتتۇر. چۈنكى، ئەقىل ماددا ياكى شەكىلگە ئېھتىياجلىق بولمايدىغان بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق. ئۇ ھەممىدىن بۈيۈك بولغانلىقتىن باشقا ھەرقانداق شەيئىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا باشقا بارلىقلارمۇ ئۇنى بىلەلمەيدۇ. ئەمما، ئادەم بۇ بىرىنچى بارلىقنى چالا - بۇلا ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ چۈشىنىش كۈچىمۇ ئاجىز بولىدۇ. ھەر قېتىم بىلىم ۋە روھ تەن ئىسكەنجىسىدىن بوش، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا بىزنىڭ بىرىنچى بارلىققا بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. تەڭرىدە بار بۈيۈكلۈككە، ھەيۋەتكە ۋە يۈكسەكلىككە ھېچقانداق ئادەم شېرىك بولالمايدۇ. شۇڭا، ھەزرەتلىرىنىڭ «مەن ھەقمەن، مەن تەڭرىمەن» دېگەنلىرى ھېسسىيات جەھەتتىن ئېيتقاندا توغرا، ئەمما مەنتىق جەھەتتىن ئېيتقاندا خاتا. بۇ يەردە مەنتىقىي خاتالىقنى

ئېتىراپ قىلغان چاغلىرىدا بىر ئۆلۈپ، يېڭىۋاشتىن ئىمان ئېيتىدىغان، ھېسسىيات جەھەتتىكى توغرىلىقنى سەزگەندە يەنە يېڭىۋاشتىن تىرىلىدىغان زىددىيەتلىك ھالەت گاھ يوقاپ، گاھ پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئاجايىپ بىر دۇنيادا ياشاۋاتىدىلا. ئاھ، سىلە نېمىدېگەن بەختلىك - ھە!

— مېنى چۈشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت! كېسىپ ئېيتىمەنكى، جانابلىرى مەن تونۇيدىغان ۋە مېنى چۈشىنىدىغان بىردىنبىر ئادەم.

— ھەزرەتلىرىنى چۈشەنگىنىم دەل ئۆزۈمنى چۈشەنگىنىم. ئۆزۈمنى چۈشەنگىنىم تەڭرىنى ھېس قىلغىنىم. تەڭرىدىن ئىبارەت بۇ بىرىنچى بارلىقمۇ بەلكىم بىزگە ئوخشاش ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن سۆيۈنۈپ تۇرىدىغاندۇ. چۈنكى، ئۆز - ئۆزىنى تونۇش ئەڭ مۇكەممەل تونۇشتۇر. بىرىنچى سەۋەب ئېتىقادتىن تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلىي زاتى ۋە غەيرىي ئەسلىي زاتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان نە ھەجمى، نە ماسسىسى يوق. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنلا تەڭرىكى، ئۇ بەختلىك ۋە بارلىق تەڭرىلەردىن ئۈستۈن. تەڭرى بولغاچقىلا ئالەمدىكى ماددىي تۈزۈلۈشلەر بىردەكلىككە ئىگە بولالىغان. ئالەمنىڭ يارىلىشىمۇ ئەسلىي زات ۋە غەيرىي ئەسلىي زاتتىن تاشقىرىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شەيئىلەرنى يارانقۇچىنىڭ بولاردىن خالىي ئىكەنلىكى، بەخش ئەتكۈچىنىڭ بولارغا ئىگە ئەمەسلىكى، بۇ ئەسلىي زات ۋە غەيرىي ئەسلىي زاتنى يارانقۇچى تەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى تەڭرىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشلا قالدى. لېكىن، بۇ ئەڭ تەجرىبىلىك كىشىلەرگە روشەن، ئالامەتلىرى ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك



مۆجىزىلەر تۇرۇقلۇق، بىز ئۇنى ئىسپاتلاشقا كىرىشمەيمىز. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ مۇددىئايىمىزغا كىرمەيدۇ. ئىنسان ھەممىگە مەركەز. ماددىي دۇنيا ئىنسان ئۈچۈنلا يارىتىلغان. ھەتتا ئىنسان بار بولغانلىقى ئۈچۈنلا تەڭرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتىگە ئىگە، شۇنداقلا ئىنسان تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەلىلى. ئىنسانسىز تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، ئادەملەر ماددىي شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىرىنى كەڭ مىقياستا چۈشىنىپ بىلەلەيدۇ، ئەمما ئالەم روھى ئۇنى چۈشىنىپ بىلەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئارتۇقچە يۇقىرىدا تۇرىدۇ، يەنە ئۇنىڭدا چۈشىنىپ بىلىش توغرىسىدا قىلچىلىكمۇ خاھىش يوق. تەڭرى تەبىئەت بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن ئىلاھلىق نوپۇزىنى مەلۇم دائىرىدە چەكلەپ، تەبىئەت ۋە ئىنسان بىلەن بولغان تەڭداش مۇناسىۋەت ئىچىگە قىلچە ئىككىلەنمەي جايلاشتۇرۇپ، ئەركىن پىكىر ۋە ئىلمىي تەپەككۇرنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇش لازىم. شۇڭا، تەڭرىنى سۆيۈشكە مەجنۇن ئاياللار ئەمەس، ئاقىللار كېرەك. تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنى زىيادە تەكىتلەش شائىرلارغا كەلگەن ئىلھامسىمان ئىلاھى ۋەھىيگە زىيادە چوقۇنۇش تۈپەيلى كېلىپ چىققان قارىغۇلارچە تەقدىرچىلىك خاھىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئۇزاققا بارماي ئىسلامىيەتكە ئورنىنى قىيامەت قايىم بولغۇچە تولدۇرۇۋالغۇسىز زور بالايىئاپەت ۋە چۈشكۈنلۈك ئېلىپ كېلىدۇ. تەڭرى ئالەمدىن ئىبارەت بۇ چاقنىڭ ئوقى. ئۇ چاقنىڭ ئۆز مەيلىچە ئايلىنىشىغا يول قويىدۇ، ئەلۋەتتە. ئالەم تەڭرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ چىقىشىدىن تۆرەلگەن، ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكەت ۋە تەرەققىياتى تەڭرىنىڭ

بۇيرۇقىغا تەقەززا ئەمەس!

— خوش، ھەزرەتلىرىنىڭ «ئەنەلھەق» كەلىمىسى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىلاھىيەت ئۇقۇمى بىلەن قولۇپلانغان چەك - چېگراسىز ئىمكانىيەتلىرىگە ئۇلۇغ بىر ئىشىكنى ئېچىپ توختىتىغانلىرى ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخىدىكى كاتتا بىر مۆجىزە بولدى! ئىشىنىمەنكى، يېقىن كەلگۈسىدە تەسەۋۋۇپ ئىلمىي ھەزرەتلىرىدەك تەپەككۇر پەھلىۋانلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دۇنيا پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۇكسەكلىكىدىكى راۋاجى سۈپىتىدە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ تەپەككۇر جەۋھىرىگە ئايلانغۇسى! پەمىمچە، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى «پىنھان بارلىق» (تەڭرى) بىلەن «ئەينەن بارلىق» (ئىنسان) ئارا چىقىشتۇرما تەپەككۇرنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلانغان تىپىك ئىنسان مەركەزلىك پەلسەپىسىدۇر. ئىنساننىڭ مەركەزلىك ئورنىنى قايتىدىن مۇقىملاشتۇرۇش تەسەۋۋۇپنىڭ ئىسلام تەپەككۇرىغا قوشقان غايەت ئۇلۇغ تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى ھەزرەتلىرىدىن «تەڭرىنىڭ خاھىشى ۋە بۇيرۇقى» ئاتالمىسى بائىسدا ئىككى كەلىمە ۋەز ئاڭلىساقمىكىن؟

— بىز ئالدى بىلەن ئىنساننى ئاشكارىلانغان ئىلاھىي سۈپەتلەرنىڭ يېگانە جۇغلانمىسى، كائىناتنىڭ جەۋھىرى ۋە تەڭرىنىڭ ئالەمنى بىنا قىلىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى سۈپىتىدە مۇقىملاشتۇرىمىز، — دېدى مەنسۇر ھەللاج بىر دەملىك جىددىي ئويلىنىشتىن كېيىن ۋەزمىن تەلەپپۇزدا گەپ باشلاپ، — مېنىڭچە، ئىنسان شۇبھىسىزكى، پەرىشتىلەر تىمسال قىلىنغان «تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى» بىلەن



شەيتان تىمسال قىلىنغان «تەڭرىنىڭ خاھىشى» ئوتتۇرىسىدىكى تىراگېدىلىك تۆرەلمە. پەرىشتە تەڭرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا مۇتلەق بويسۇنىدۇ. ئادەمدىمۇ يېرىم پەرىشتىلىك خۇسۇسىيەت مەۋجۇت. ھازىرغىچە ئىنسانلارغا ئاشكارىلانغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىدىنلا ئىبارەت، خالاس. «ئەينەن بارلىق» سۈپىتىدە كائىناتتىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان، مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە بولغان ھەممىلا نەرسە «تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى»غا تەۋە. شەيتان بولسا تەڭرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققۇچى. ئەگەر تەڭرى خالىمىغان بولسا شەيتاننى ئەلۋەتتە ياراتمايمۇ قويالايتتى. دېمەك، تەڭرى خالىغانلىقى ئۈچۈن شەيتاننىمۇ ياراتتى.

— پىكىرلىرىنىڭ مەنتىقىلىق ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ، بارىكاللا! — دېدى فارابى ھەللاج سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھاياجىنىنى باسالماي گەپ قىستۇرۇپ.

— قىسقىسى، شەيتان تەڭرى خاھىشىنىڭ تىمسالى. تەڭرى ئادەمگە بەرگەن ئىنئاملار «شەرىئەت»، «ئىلمىي زاھىر»، يارالمىش سۈپىتىدە مۇقىملاشقان دۇنيا تەڭرى ئۆزى ئاشكارىلىغان بۇيرۇقلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شۇڭا تەڭرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشنى ئىستىگەن ھەرقانداق ئادەم مۇھىمى تەڭرىنىڭ خاھىشىنى چۈشىنىشى كېرەك. تەڭرىنىڭ خاھىشى «ئىلمىي غەيب» كە جەملەنگەن، ئۇنى مەڭگۈ بىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. «سىرنى پاش قىلغۇچىلارنىڭ قېنى ئاقسۇن!» دېگەن سۆزۈم دەل مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان. تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى ئەقىل بىلەن،

مەنتىقى تەپەككۇر يولى بىلەن چۈشىنىلىدۇ؛ جانابلىرى تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاشكارىلاشقا بەل باغلىغان تەپەككۇر ساھىبلىرىدىن. شۇڭا، مەنتىقىدىن داجىمىغانلىقلىرى تامامەن توغرا. ئەمما، تەڭرىنىڭ خاھىشىنى ھېس قىلىش مەنتىقى تەپەككۇر يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بىر مۇرەككەپ جەريان. بۇ جەريانغا مەنتىقى تەپەككۇرنى تەتبىقلىساق مەنتىقىنىڭ كۈچى بىراقلا خىرەلىشىپ قالىدۇ.

ئۇ چاغدا بىز گۆھەرنى تاشقا ئۇرغان ئەخمەققە ئايلىنىپ قالىمىز. تەڭرىنىڭ خاھىشى پايانى يوق بىر دېڭىز. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقانچە تىرەن ئەقىلمۇ كۆلچەككە ئايلىنىپ قالىدۇ. تەڭرىنىڭ خاھىشى بولسا ھېسسىيات (يەنى ئىشق)، تۇيغۇ ئارقىلىق ھېس قىلىنىدۇ. تەڭرىنىڭ ئۆزىلا ئۆز خاھىشى بىلەن بۇيرۇقى ئوتتۇرىسىدا تىتما – تالاڭ بولۇپ تۇرغان تراگېدىك جەۋھەر. شۇڭا، تراگېدىيە «تەڭرىنىڭ سايىسى» بولمىش ئىنساندىكى توپ ماھىيەت.

تراگېدىك ماھىيەتكە ئىگە ئىنساننى مەركەز قىلغان تەسەۋۋۇپتا «خاھىش» ۋە «بۇيرۇق» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تراگېدىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان تەڭرىگە يېتىپ بارغاندا ئېرىپ يوقاپ كېتىدۇ ۋە يېڭىۋاشتىن توختاۋسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. «بۇيرۇق» ۋە «خاھىش» تىن ئىبارەت بۇ ئىككى قۇتۇپتىن قايسى بىرى كەمستىلسە، ئىنسان كەمستىلگەن بولىدۇ – دە، نەتىجىدە تەسەۋۋۇپ ئىلمى يوقايدۇ. شۇڭا، بىز ئىنساندىن ئەقىلگە تويۇنغان ھېسسىياتنى، «بۇيرۇق» ۋايىغا يېتىپ خاھىشقا ئايلانغان روھىي ھالەتنى تەلەپ قىلىمىز. بۇنداق روھىي ھالەتنى ئۆزىدە ھازىرلىغان ئىنساننى بىز «ئارىف» دەپ ئاتايمىز.



ئۇ ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئارىفلىق مۇقامىغا يەتكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئىنسانغا ئوخشىغان بولىدۇ. بۇنداق ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ۋايىغا يەتكەن ئەقىل بىلەن پىداكارلىق باسقۇچىغا كىرىپ كەلگەن ئىشق غەيرىي نورمال ھالەتتە بىر – بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر خۇددى دار ئۈستىدە كېتىۋاتقان دارۋازدەك ھاياتنىڭ ھەر ۋاقىت قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلىپ بارغان ۋە دائىمىي قاراملىق تۇسىنى ئالغان بىر خىل سوزۇلۇشچان تەشۋىش ئىچىدە ھەر دەقىقە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ تۇرغان بولىدۇ. ئۇلار ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە كۆزگە ئايلانغان كۆڭۈل بىلەن قارايدۇ. يەنى ئۇلاردا ئەقىل ھېسسىيات شارابىدا خۇش كەيپ بولغان ھالدا تەبىئىي تۇيغۇغا ئايلانغان، ھېسسىيات بولسا ئەقىلنىڭ ئوت – ئاتەش ئوچاقلىرىدا ئەڭ يۇقىرى چەكتە تاۋلىنىپ، ئېرىگەن پېتى ئەقىلنىڭ ئۆزىنىمۇ ئېرىتىپ تاشلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھالدا قەلب كەڭلىكىدە ھەر ۋاقىت يېيىلىپ، تولۇپ ئاقالايدىغان سۆيگۈ لاۋاسىغا ئايلانغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ھەر ۋاقىت چاقماق بولۇپ چېقىلىپ تۇرغان تەڭرىنىڭ ئۆزىدە كۆرگەن ۋە ئۆزلىرىمۇ چېقىلىپ، پارلىنىپ تەڭرىنىڭ دەل ئۆزىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. دەل مۇشۇ باسقۇچقا يەتكەندە تەڭرى ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ «ئەنەلھەق» دەپ زۇۋان سۈرىدۇ. بۇنداق دەقىقىلەردە ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ، تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ، روھ بىلەن تەننىڭ، ماكان بىلەن زاماننىڭ، بارلىق بىلەن يوقلۇقنىڭ، بىرلىك بىلەن

كۆپلۈكنىڭ، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىقنىڭ، ئىمكانىيەت بىلەن مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ پەرقى يوقايدۇ. روھ تەن بولۇپ كۆرۈنىدۇ، يەنى تەندە يۈز بەرگەن جىمى ئۆزگىرىشلەردە روھتىكى «مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىشىمان» ئۆزگىرىشلەر تولۇق نامايان قىلىنغان بولىدۇ. ئۆلۈم ئەڭ زور ئېھتىماللىقا ئايلانغان ۋە ھايات ئەنە شۇ ئېھتىماللىقنىڭ ئۆزىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان بولىدۇ. تەڭرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئىنسان بۇنداق لەھزىلەردە ئۆزىگە مەنسۇپ بولماي قالغاندەك ۋە ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ، تەڭرى ئۆز بەدىنى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇقەررەر يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ئىشتەك تۇيۇلغىنى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. ئۇ جامائەتكە ئورتاق بولغان زامان، ماكان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يوقىتىپ، ئۆزىگە خاس پەۋقۇلئاددە زامان ۋە ماكاندىن پۈتكەن ئۆزگىچە بىر دۇنيادا ياشايدۇ. بۇنداق دۇنيا ئۇنىڭغا ھەقىقىي زامان، ماكان بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئەينى زامان، ماكان ئۇ ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ تاشقىرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك بىخىرامان ئېقىپ يۈرگەن بولىدۇ. شۇڭا، بىز ھەتتا «تەڭرىنىڭ خاھىشى» ۋە ۋۇجۇدىمىزنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە شەيتانىنىمۇ سۆيىمىز!

فارابى سىمابتەك ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. ئۇ ئۆز سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە ئاپتاپتا قالغان مۇمىيادەك يۇمشاپ كېتىۋاتقان مەنسۇر ھەللاجنى يەنە



بىر قېتىم قۇچاقلىدى:

— مەن بۈگۈن ھەقىقەتەن تەڭرىنى خويمۇ يېقىن ئارىلىقتىن ھېس قىلدىم! ئۆزلىرىنى ئۇستاز دەپ ئاتىنىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا، ھەزرىتىم!

— يوقسۇ! مەنتىق ۋە ئەقىل بابىدا مەن جانابلىرىغا شاگىرت بولاي. بىراق، ئىشق بابىدا مەن جانابلىرىغا ئۇستاز بولۇشقا ئاجىزمەن. چۈنكى، ئىشق ئاللانىڭ لۇتفىدۇر. ئۇنى ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ!

شۇ تاپتا فارابى مەنسۇر ھەللاج بىلەن زاماندىش بولۇپ قالغىنىغا ئۆزىنى قانداق بەختلىك ھېس قىلسا، مەنسۇر ھەللاجمۇ ئۆزىنىڭ فارابىدەك سىقانلا يېرىدىن يۈكسەك ئەقىل تامىدىغان بىر ئەزىمەت بىلەن سۆھبەتداش بولۇپ قالغىنىغا شۇنداق خۇشال ئىدى. فارابى:

— مەن ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن تەڭرىنىڭ خاھىشىنى ھېس قىلدىم. دېمەك تەڭرىنىڭ يېرىمىنى كۆردۈم! — دېسە، مەنسۇر ھەللاج:

— مەن جانابلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن تەڭرىنىڭ بۈيرۇقلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم! ئاھ مەن نېمىدېگەن بەختلىك! — دەيتتى شىددەتلىك ھاياجان قاينىمىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ھالدا مەجنۇنلارچە شىۋىرلاپ.

— شۇنداق، بىز باشقا ـ باشقا يوللار بىلەن تەڭرىنى ئىزلەۋاتىمىز. بىز مېڭىۋاتقان يوللار ناگاندا بىر دوقمۇشلاردا تۇتىشىپ قالىدۇ ـ دە، يەنە ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بىز ئاخىرى يەنە ئۇخشاشلا بىر مەنزىلگە يېتىپ بارىمىز.

— بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. جانابلىرى مەنتىقىي يول

بىلەن تەڭرىنى چۈشەنمەكچى بولدىلا. لېكىن، تەڭرىنى
مەڭگۈ چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت تۇيغىلى،
ھېس قىلغىلىلا بولىدۇ. مەن تەڭرىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ
تەڭرىگە يەتتىم. لېكىن، ماڭدامدا بىر ئۇنى يەنە يوقىتىپ
تۇرۇۋاتىمەن. جانابلىرى تەڭرىنى چۈشىنىشتە مەنتىقىي يول
تۇتۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ھەقىقىي ھېس
قىلالايلا. لېكىن، ئۇ چاغدا ماڭا ئوخشاش ئۇنى ماڭدامدا بىر
يوقىتىپ قويىدىغان ئاقىۋەتكە قالمايلا. ئەقىل تىزگىنى
بىلەن ئۇنى ئۆز ۋۇجۇدلىرىغا ئۆلگۈچە باغلاپ قالالايلا. ئۇ
چاغدا جانابلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتلىرى تەڭداشسىز
مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلىنىدۇ. ئاھ، بۇنداق سۆيۈملۈك
مەغلۇبىيەت ماڭىمۇ نېسىپ بولغان بولسا، قانچىلىك
بەختلىك بولۇپ كېتەر ئىدىم ـ ھە؟!

— ئىككىمىزنىڭ ۋۇجۇدى بىرلەشسە، تەڭرى ئۆزىنى
تېخىمۇ مۇكەممەل يوسۇندا نامايىش قىلالىغۇدەك.

— شۇنداق. بىز ئىلاھىي سۈپەتلەر بىر كاپام ـ بىر
كاپامدىن چېچىۋېتىلگەن بىر جۈپ چالا تۆرەلمە. ئىككىمىز
بىرلەشسەك، ئىلاھىي سۈپەتلەر بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى
بالىياتقۇ قىلىپ يېڭىۋاشتىن پۈتۈنلىنىپ تۇغۇلغۇسى!...

فارابى ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە بىراۋ يول
باشلاپ ماڭغاندەك ئۇدۇل «بەيتۇل ھېكمە» كۇتۇپخانىسى
ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ مەنسۇر ھەللاجنىڭ ئۆلۈمى
سەۋەبلىك يۈرىكى ھېلىلا ئاغزىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ
كېتىدىغاندەك ھېس قىلىپ، كالپۇكلىرىنى چىڭ چىشلىدى.
ئۇ ئۆزىنىڭ مەنسۇر ھەللاجنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەڭ چوڭقۇر
مەنىدە قايغۇرغان بىردىنبىر ئادەم ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر



ئىشىنەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاكى ئۆلگۈچە ھەر كۈنى
سائەت ـ سائەتلەپ مەنسۇر ھەللاج بىلەن خىيالەن
مۇڭدىشىشنى ئىزچىل ئادەت قىلىپ كەلدى. مەنسۇر ھەللاج
فارابىنىڭ ئۆمرىدە ئۇنىڭغا ئەڭ كۈچلۈك
تەسىر قىلغان ئادەم ئىدى.

# يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان

فارابى باغداتقا ئىككىنچى قېتىم مىلادىيە 921 ـ يىللىرى كەلگەنىدى. ئۇ شۇ قېتىم كەلگەنچە باغداتتا توپتوغرا يىگىرمە يىل تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئاساسەن كىتاب كۆرۈپ داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دەرس ۋە لېكسىيە ئوقۇش، شاگىرت تەربىيىلەش، كىتاب يېزىش بىلەن مەلىكە بولۇپ ئۆتتى. فارابىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باغداتتا يېزىلدى. فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدا كۆزقاراشلار» دېگەن كىتابىنى يېزىشنىمۇ 940 ـ يىلى باغداتتا باشلاپ، دەمەشقتە ئاخىرلاشتۇرغانىدى.

فارابى 941 ـ يىلى سىياسىي پاراكەندىچىلىكتىن بىزار بولۇپ باغداتتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەلەپ (شام) شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن تۇرمايلا ئۇدۇل ئۆز يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ ئات سالدى. ئۇ ئانا يۇرتىنى قەۋەت سېغىنغانىدى. مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ كۈچى كۈنسايىن شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، مەزھەپ ماجىرالىرى ۋە سىياسىي پاراكەندىچىلىك پاتقىقىغا باشچىلاپ پېتىپ قالغان ئەرەب ئەللىرىنى ئۇنىڭ كۆرەر كۆزى يوق بولۇپ



كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ قايتىپ كەلگەنچە ئۆز يۇرتىدا تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرۇپ قالماقچى ۋە ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان ھاڭغا كۆۋرۈك سېلىشتىن ئىبارەت ئۆمۈرلۈك ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىدى. فارابى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش مەقسىتىدە بولغاچقا، تا ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىپ، قېرىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغۇچە ئەرەب ئەللىرىدە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىقمۇ بولماي، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىنىشكە ئىشتەي ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ گەرچە ئەرەب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە تۈركچە كىيىنىپ، بىلىنغا قارلۇقلارچە پوتا باغلاپ يۈرۈشنى قەتئىي تاشلىمىدى. ئۆز ئانا تىلى، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى قەتئىي ئۇنتۇمىدى ۋە ئۇيغۇرچە ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغا بولغان ھۆرمىتىنى قىيىن شارائىتلاردىمۇ ئىزچىل ساقلاپ كەلدى.

ئۇ ئانا يۇرتى فاراب شەھىرىگە يېتىپ كەلگۈچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە يول بويى لېكسىيە سۆزلەپ ماڭدى. ئۇ دەسلەپىدە مەنسۇر ئىبنى نوھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سامانىيلار دۆلىتىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ بۇ يەردە پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىككىنچى تەلىمات» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، مەنسۇر ئىبنى نوھقا تەقدىم قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىگە چوڭقۇر قايىللىق بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭغا «ئارىستوتىلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن

شۆھرەتلىك نامنى ئاتا قىلدى. فارابى يازغان بۇ كىتاب ئىسپىھان شەھىرىدىكى «سىۋانۇل ھېكمە» كۇتۇپخانىسىغا قويۇلدى.

فارابى ئۆز يۇرتى فاراب شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. گەرچە فارابىنىڭ داڭقى بۇ يەرگە ئاللىبۇرۇن يېتىپ كېلىپ ئۆز ئىگىسىنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى تونۇشلۇق بەرمىگۈچە ئۆز يۇرتىدا ئۇنى تونۇيدىغان ئادەم چىقمىدى. تونۇشلۇق بىرەي دېسە بۇ يەردە فارابى ئۆزى تونۇيدىغان بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. كىچىك چاغلىرىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىر نەچچە بۇرادىرىنى ئىزلەپ كۆرۈۋىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب ئىستىلاچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قالغان فاراب شەھىرىدىن ئائىلىسى بىلەن بىللە نامەلۇم باشقا بىر يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ چىقتى. فاراب شەھىرى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى جەڭگىۋار قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى، بازارلاردىمۇ ئادەملەرنىڭ ئازلىقىدىن سائەتلەپ گۆرستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاۋات رەستىلەر چۆلدەرەپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قايناق ھالىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى، سېپىللارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى ئۆچۈپ چۈشۈپ ئالا - پاساق بولۇپ قالغان بولۇپ، سېپىل دەرۋازىلىرى كونىراپ، ئۆلگۈچەكلىرىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ فارابىنىڭ كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز يىغا قايىنىدى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك



تۇپەيلى ئۆز يۇرتىدا ئۇزاق تۇرالمىدى. بۇ چاغلار قارخانىيلار بىلەن سامانىيلار ئۆزئارا زىتلىشىۋاتقان، بۇخارادا يانغىن كۆتۈرۈلگەن، سامانىيلار بىلەن خىۋە سۇلالىسى ئارىسىدا زېمىن تەۋەلىكى ماجىراسى يۈز بەرگەن چاغلار ئىدى.

فارابى ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق نەزمە توقۇدى:

چەكسىمۇ زەخمەت - مالامەت سىز تەرەپتىن تەندە جان،
سىنە - قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا ھامان؛
ئولتۇرالماسمەن ئىزىمدا قوزغىتىپ تۇرغاچ مېنى،
زوق، ئۈمىد—ئىككى سەۋەب دەل سىز تەرەپكە دائىمان.
قوزغىلىپ چىقسام سەپەرگە سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن،
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان!
سىزدىن ئەبزەلرەك دىيار — ئەل گەر تەئەررىز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس ھېچقاچان.

مىللىي مەدەنىيەت بىلەن دىنىي ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭغا كۆۋرۈك سېلىش مەقسىتىگە يېتەلمەي ئېغىر ئازابقا پاتقان ھالدا فاراب شەھىرىدىن يولغا چىققان ئەبۇ نەسىر فارابى ئۆز يۇرتىدىن قايتىپ كېلىپ سىياسىي پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغان باغداتقا قايتا بېرىشنى خالىماي، تۈپتوغرا دەمەشققە يېتىپ كەلدى.

# قاراۋۇللۇق چىرىغى ئاستىدا...

فارابى دەمەشق سىرتىدىكى باغلارنىڭ بىرىدە قاراۋۇللۇق قىلىپ ناھايىتى ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە خۇيمۇ نامراتلىشىپ كەتكەچكە قاراۋۇللۇق چىرىغى ئاستىدىكى يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ كېچىلەپ يېزىقچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ باغداتتا باشلىغان ئىلمىي ئەمگىكىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

شىمالىي سۇرىيە ھۆكۈمرانى، ھەمەدانى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلە 943 - يىلى دەمەشق شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، ئۆز ئالدىغا سەلتەنەت تىكلىگەندىن كېيىن سەۋپۇل دەۋلەنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكتە داڭقىنى ئاڭلىغان فارابى ئانچىكىم بىر قىزىقسىنىش تۈپەيلى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ كەلمەكچى بولدى. بىر كۈنى فارابى پىيادە مېڭىپ ئەسكى - تۈسكى تۈركچە كىيىملەرنى كىيگەن ئۇستۋاشلىرى توپا - چاڭغا كۆمۈلگەن ھالدا سەيپۇل دەۋلە (915—967) نىڭ ياسىداق ئوردىسىغا كىرىپ كەلدى.

بۇ چاغدا ياش پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا توپلانغان بىر توپ ئالىم - ئۆلىما ۋە مۆتىۋەر زاتلار ھەر خىل ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. غېرىب - غۇرۋانە چىراي فارابى ئوردىغا كىرىپ كېلىشى بىلەنلا سۆھبەت قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بىردىنلا جىمىپ قالدى. ھەممەيلەن بېشىنى بۇراپ ئوردىغا بىمەھەل پەيدا



بولۇپ شاھانە ئىلمىي سۆھبەتنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن بۇ «يالاڭ تۆش مېھمان»غا سوغۇق نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىختەك قادىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچكىممۇ فارابىنى تونۇمىدى، شۇنداقلا فارابىمۇ ئۇلار ئارىسىدىكى ھېچكىمنى تونۇمىدى. ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ خىلۋەت بىر باغدا قاراۋۇللۇق قىلىپ، دەرۋىشتەك خۇپىيانە ھايات كەچۈرۈۋاتقان بۇ «يالاڭ تۆش مېھمان» نىڭ ئىسلام ئەللىرىگە داڭقى پۇر كەتكەن ۋە نۇرغۇن روھانىيلارنىڭ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، «ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمىنى» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ، مەنسۇر ھەللاجدەك دارغا ئاسىدىغان پۇرسەتنى تاپالماي كۆزى تۆت بولغان ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابى ئىكەنلىكىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟!

سورۇن ئەھلىگە ئوخشاشلا كەيپى ئۇچقان پادىشاھ ئۇنىڭغا زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا قىيا ئېگىلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۈركچە سالام بېرىپ، قىلچە قورۇنۇش ھېس قىلماستىن تىكىلىپ تۇرغان بۇ نا تونۇش كىشىنى تۈرك ئەللىرىدىن كەلگەن ئادەتتىكى بىر مېھمان قاتارىدا بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى بومبۇر ساقىلىغا ۋە تۈرك ئىكەنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سوغۇققانلىق بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— خالىغان جايدىمۇ ياكى بەلگىلەنگەن جايدىمۇ؟ — دەپ سوئال قويدى فارابى پادىشاھقا ئەرەب تىلىدا راۋان سۆزلەپ.

سورۇندىكى ھەممەيلەن تېخىمۇ ھەيران بولۇشتى.

— خالىغان جايدا، — دەپ جاۋاب بەردى پادىشاھ

قىسقىغىنا جۈملىقتىن كېيىن مېھماننىڭ رايىغا بېقىشنى ئەۋزەل كۆرۈپ.

فارابى كىشىلەر توپى ئارىسىدىن «گۇس - گۇس» دەسسەپ ئۆتۈپ توپتوغرا سەيپۇل دەۋلەنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ دورەم سورۇن ئەھلى چۆچۈپ داڭ قېتىپ قېلىشتى. «بۇ جاندىن تويغان سارالڭ ئوخشامدۇ؟» دېيىشتى پەستىكى بەزى مۆتىۋەرلەر بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسۇرلىشىپ.

سەيپۇل دەۋلەمۇ تەپتارتىشنى بىلمەيدىغان بۇ قاپ يۈرەك مېھمانغا دەماللىققا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

سەيپۇل دەۋلەنىڭ يېنىدا مۇھاپىزەتچى مەمەلىك ئولتۇرغانىدى. ئۇ سەيپۇل دەۋلەگە شۇ زاماندا دەمەشق ئوردىسىدا مودا بولۇپ قالغان گرېك تىلى بىلەن پىچىرلىدى:

— بۇ يالاڭ تۆش شەيخ ئەدەپسىزلىك قىلدى. مەن ئۇنىڭغا بىرقانچە سوئال قويۇپ كۆرەي. جاۋاب بېرەلمىسە ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرەيلى!

— ئەمىر، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. ھەرقانداق ئىشقا پەقەت ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ، ئاندىن باھا بېرىش كېرەك، — دېدى فارابىمۇ گرېك تىلىدا سەيپۇل دەۋلەگە ۋەزمىن تەلەپپۇزدا خىتاب قىلىپ.

فارابى قىلغان خىتابنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولغان سەيپۇل دەۋلە تەلەپپۇزىنى بىراز يۇمشىتىپ، فارابىدىن ياندۇرۇپ سورىدى:

— سىز تۈرك تۇرۇپ ئەرەب تىلىنىمۇ راۋان سۆزلەيدىكەنسىز. قارىغاندا تېخى گرېك تىلىنىمۇ بىلىدىغان



ئوخشىمامسىز؟

— بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى فارابى قىسقىلا قىلىپ.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ قوش تىللىق ئىكەنلىكىگە قاراپلا ئۇنىڭ قاراتۇرك ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى پەملەپ ئۆلگۈردى ۋە ئۇنىڭغا باشقىچە قىزىقىپ قالدى. مۇھاپىزەتچى مەمەلىك بولسا بايا ئالدىراپ قىلغان گېپىگە خىجىل بولۇپ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالغانىدى. «ھەر نېمىدىگەن بىلەن خىجىل بولۇشنىمۇ بولسا بىلىدىكەنسەن، ئەگەر بۇنىمۇ بىلمىسەڭ ساڭا نېمە دېگۈلۈك؟» دەپ ئويلىدى فارابى مەمەلىكنىڭ خىجىللىق ھېسسىياتىنى سىنچى كۆزلىرى بىلەن بايقاپ.

سۆھبەت يەنە يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلدى. ھەر خىل ئىلمىي تېمىدىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كۆپرەك پادىشاھ سەيپۇل دەۋلە تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ مەسىلىلەرگە سورۇندىكى مەن - مەن دېگەن يوغان سەللىلىك ئالىملار تۈزۈكرەك جاۋاب بېرەلمەي كېكەچلەپ قېلىشتى. پەقەت ئەسكى چاپانلىق فارابىلا بۇ مەسىلىلەرگە روشەن ئىزاھات بېرىپ، دەل جايىدا جاۋاب بېرەلىدى.

— ئەخلاق پەلسەپىسى مۇستەقىل پەن بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈشنىڭ شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئەقىل ۋە ئەخلاققا باغلىق. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتىنى ئەڭ ئالىي نىشان قىلىشى لازىم، — دېدى فارابى سوئاللارغا بىرەر قۇر جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەخلاق

ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، — ياخشى ئەخلاق بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار ھەر ئىككىلىسى بىرلىكتە ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇكى، ھەربىر نەرسىنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەۋزەللىك ۋە ئېرىشىلگەن كامالەتتە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پائالىيىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. بىلىم، پەلسەپە ۋە ئەخلاق بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاقىي سۈپەتلەر تۇغما ئەمەس، بەلكى ئېرىشىلگەن ھادىسە. ئەخلاقىي سۈپەتلەرنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى تەقدىر - قىسمەتكە باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ سىرتقى مۇھىت، تەلىم ۋە شەخسنىڭ ئىرادىسى، ئادەتلىنىشىگە يۆلىنىپ ئۆزگىرىدۇ. ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە شەخسنىڭ بىلىمى ۋە ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىدۇر. دۆلەت رەئىسلىرىدىن تاكى ئائىلە باشلىقلىرىغىچە تەلىم - تەربىيە تورى ھاسىل قىلىش زۆرۈر. مائارىپ ئىشىدا ھەم مۇلايىم ھەم قاتتىق ئۇسۇل قوللىنىش، چۈشىنىپ بىلىشنى يادلاپ بىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش لازىم. ئىنسان تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى. جەمئىيەت مەسىلىلىرى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاش، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن ھەممەھەتتە بولغان قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا، ئەمەلىي پەلسەپە، ئەخلاق ۋە ئىلىم - پەن ئاساسىدا ھەل قىلىنىشى لازىم. جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئورتاق ياشاش زۆرۈرىيىتى ۋە خاھىشى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسى. جەمئىيەت ياشاش ئىقتىدارى بويىچە يېزا، قىشلاق مەھەللە جەمئىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان مۇكەممەلسىز جەمئىيەت ۋە مۇكەممەل



جەمئىيەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تولۇق ھايات سىستېمىسىغا ئىگە بولغان شەھەر، مىللەت ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت مۇكەممەل جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەڭ تولۇق، ئەڭ چوڭ جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. شەھەر (ياكى دۆلەت) لەر جاھالەتلىك شەھەر ۋە پەزىلەتلىك شەھەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغان گاداي دۆلەتلەر، پۇل تېپىش خاھىشىغا غەرق بولغان ساختىپەز دۆلەتلەر، كەيپ - ساپاغا بېرىلگەن، چۈشكۈنلەشكەن دۆلەتلەر، خۇشامەتچى ۋە شۆھرەتچى دۆلەتلەر، خوراپاتچى دۆلەتلەر، پەزىلەتلىرىدىن ئاينىپ كەتكەن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى جاھالەتلىك شەھەرگە كىرىدۇ. جاھالەتلىك شەھەرلەرنىڭ خەلقى ھەقىقىي بەختنى بىلمەيدۇ، باشلىقلىرى ھەقىقىي بەخت ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھايات مەقسەتلىرى جىسمانىي قاۋۇللۇق، شۆھرەت، كەيپ - ساپا، ئۆز ئېھتىياجلىرىدىن خالىغانچە يۈز ئۆرۈش بولۇپ، بۇنى بەخت دەپ بىلىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ بىرلەشكەن كىشىلەرنىڭ شەھەرلىرى پەزىلەتلىك شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتلىرى پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق شەھەر خەلقلىرى پەزىلەتلىك خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بارلىق خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا پۈتۈن زېمىندا ئورتاق پەزىلەت تىكلىنىدۇ.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان دانىشمەنلىكىگە ۋە قەيەردىن سورىسا شۇ يەردىن تەمتىرىمەي جاۋاب بېرەلەيدىغان ھازىر جاۋابلىقىغا ئادەتتىن تاشقىرى قايىل بولۇپ، قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ فارابىغا بولغان ھۆرمەت ۋە تەشەككۇرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا يىغىلغان پۈتكۈل جامائەتكە شاھانە زىياپەت بەردى.

زىياپەتتە فارابى پادىشاھ سەيپۇل دەۋلەنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر بىر تىمتىم ئىچىملىكمۇ ئىچمەي، شۇنداقلا بىر لوقما تائاممۇ يېمەي ئولتۇردى. فارابىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان سەيپۇل دەۋلە يېنىدا ئولتۇرغان فارابىنى ئالاھىدە ئىززەت - ئىھتىرام بىلەن ئىچىملىككە تەكلىپ قىلدى. فارابى زادىلا ئىچكىلى ئۇنىمىدى. ئارقىدىن تاماققا تەكلىپ قىلىنىۋىدى، تاماقمۇ يېگىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرىدا: «ئەمىسە مۇزىكا ئاڭلاشنى خالامسىز؟» دەپ سورىنىۋىدى، فارابى دەرھال باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئالىمنىڭ كۆڭلىدىكى تېپىۋالغىنىغا خۇش بولغان سەيپۇل دەۋلە ھەش - پەش دېگۈچە ئۆز سارىيىدىكى ئاتاغلىق سازەندىلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ نەغمە قىلدۇرۇشقا باشلىدى. باشقىلار سازەندىلەرنىڭ چالغان سازلىرىدىن مەست بولۇپ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. لېكىن فارابى ئۇلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەڭ نازۇك نۇقسانلارنى بايقاپ، ئاچچىقىغا پايلىماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلارنى ساز چېلىشنى دەرھال توختىتىشقا بۇيرۇدى. سەيپۇل دەۋلە باشلىق ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ



تۇرۇپ قېلىشتى. سازەندىلەر ساز چېلىشتىن چېپپىدە توختىغاندىن كېيىن فارابى ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئەيىپ - نۇقسانلىرىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، مۇزىكا ھەققىدە بىرھازا تەلىم بەردى:

— مۇزىكا ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، — مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئەسلىي زات ھەرىكەتكە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاشلا، ئاۋازغىمۇ ئىگىدۇر. ئۇ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ، بۇلار: يۇقىرى، تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا ئاۋازدىن ئىبارەت. ئاۋازلار يەنە خۇسۇسىيەت جەھەتتىن فىزىكىلىق ئاۋاز ۋە مۇزىكىلىق ئاۋاز دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئاڭلاش سەزگۈسى مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلەن فىزىكىلىق ئاۋازنى پەرقلەندۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئاڭلاش سەزگۈسى بارلىق ئىنسانى سەزگۈلەرگە ئوخشاش تەبىئىي ۋە غەيرىي تەبىئىي بولىدۇ. تەبىئىي ئاۋاز ئەڭ ئاخىرى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلىسا، غەيرىي تەبىئىي ئاۋاز كىشىگە غەشلىك ۋە بىئاراملىق تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلىش جەريانلىرىدىن تاشقىرى بولغان ئادەتتىكى فىزىكىلىق ئاۋاز بولماستىن، بەلكى ئۇ مۇزىكىلىق تەلەپ ۋە ئۆلچەم بويىچە تاپقا كىرگۈزۈلۈپ رەتلەنگەن ئاۋازدۇر. مۇزىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنساننىڭ بىلىش ۋە پەرق ئېتىش، ھۇزۇرلىنىش ۋە بىزار بولۇش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسان ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدارى تۈپەيلى مۇزىكىلىق ئىستېدانقا ئىگە بولۇپ، مۇزىكىلىق ئىستېدات

توپەيلى مۇزىكىلىق ئاۋازنى پەرق ئېتەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنەلەيدۇ. ئۇنىڭغا مەنىۋى مەزمۇن ۋە ھېسسىيات بېغىشلىيالايدۇ. ئۇ مۇزىكىلىق تۇيغۇ تۈپەيلىدىن شېئىرى ھېسسىيات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. مۇزىكا تۇغما ئىستېدات ۋە تۇغما ئىقتىدار شارائىتىدىن پايدىلىنىپ بىر ئىلىمگە ئايلانغان بولۇپ، مۇزىكا ئاۋازى مۇئەييەن قىزغىنلىق، مۇئەييەن ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. مۇزىكا ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى مۇزىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا بىرلىشىپ، مۇزىكا ئىلمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمەلىي مۇزىكا ئاۋازلىق مۇزىكا ۋە چالغۇ مۇزىكىسى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئاۋازلىق مۇزىكا تەبىئىي ئاۋاز چىقىرىش بىلەن ھاسىل بولغان مۇزىكىدۇر. چالغۇ مۇزىكىسى سەنئەت ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىش بىلەن ھاسىل بولغاندۇر. ئاھاڭ ئىجاتچىسى چوقۇم چالغۇ مۇزىكىسىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. نەزەرىيىۋى مۇزىكا رىتىم، مېلودىيە ۋە قىزغىن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسقا بۆلۈنىدۇ. رىتىم شۇڭا ھاسىل بولغانكى، ئۇ ئاۋازلارنى ئەقلىي ئۇقۇمغا لايىق روشەن نىسبەتلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىدۇ. مېلودىيە شۇڭا ھاسىل بولغانكى، ئۇ يۇقىرى - تۆۋەن ئاۋازلارنى روشەن نىسبەتلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئاڭلاش سەزگۈسىگە يۆلەنگەن بولىدۇ. قىزغىن ئىپادىلەش بولسا ئاڭلاش ۋە كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم سەزگۈگە يۆلەنگەن بولىدۇ. بەزى مۇزىكا كۈيلىرى خۇشاللىق پەيدا قىلىدۇ. بەزى مۇزىكا كۈيلىرى مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق ئىزھار قىلىدۇ. يەنە



بەزى مۇزىكا كۈيلىرى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئويغىتىدۇ. بەدەندىكى ئاغرىق بەزىدە روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئۇ چاغدا بەدەن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، روھمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئەسلىي زاتقا ماسلىشىپ ئاجىزلاشقان بولىدۇ. بەدەننى داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن روھنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋاز تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدا پائالىيەت ھاسىل بولىدۇ.

— قارىغاندا سىز بۇ ساز ئۈستىلىرىدىنمۇ ياخشىراق چالىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن.

فارابى قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا بەلۋىغىغا ئورالغان قۇتىچىدىن بىر تال تارنى ئېلىپ سازەندىلەر قوش قوللاپ سۇنغان ئۇد سازىنى قولىغا ئېلىپ، تارىنى ئالماشتۇرۇپ راۋۇرۇس تەڭشەپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپىدە بايا سازەندىلەر چالغان ئەرەب كۈيلىرىگە قايتىلاپ چالدى. بۇ ئادەتتە كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئوردىلاردا چېلىنىدىغان شوخ نەغمىلەر ئىدى. سورۇندىكىلەر فارابىنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ روھلىنىپ جايىدا ئولتۇرالماي قېلىشتى. فارابى ئارقىدىنلا مۆڭلۈق ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىغا ئاساسەن ئۆزى ئىجادىي رەتلەپ ئىشلىگەن «راك»، «ئۇشاق»، «ئۇزھال» مۇقاملىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ بىرھازا چېلىۋىدى، ئولتۇرغانلار دەسلەپىدە ئىچىدە، كېيىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز چالغان نەغمىسى بايا بىر توپ سازەندىلەر ئۆزئارا

تەڭكەش قىلىپ چالغان نەغمىلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. فارابىنىڭ ئىچ-ئىچىدىن مۇڭ قايناپتتى. ئۇ ئۆمرىدە تارتقان پۈتكۈل رىيازەتلىرىنى ۋە ئايرىلغىلى نەچچە ئون يىللار بولۇپ كەتكەن يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغا يىغىپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چالدى. قارىغانلارغا ئۇنىڭ بەدىنى بىر كاپام- بىر كاپامدىن ئېرىپ، مۇزىكىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ھەممەيلەن تېگى يوق مۇڭ دەرياسىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەدىنىمۇ مومىيادەك يۇمشاپ ئېرىپ كېتىۋاتاتتى.

ئالاھەزەل يېرىم كېچە بولغانىدى. فارابى ئۆزىنىڭ قانچە سائەتلەپ نەغمە قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا ئۇ بارماقلىرى قاناپ بولالماي ساز چېلىشتىن توختىغاندا پادىشاھ باشلىق ھەممەيلەننىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇشقان پېتى بىراۋ ئەپسۇن ئوقۇپ قاتۇرۇپ قويغاندەكلا تەپتەكشى ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆردى. ھەتتا مۇھاپىزەتچى مەمەلىك جىنىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. فارابى بىر پارچە باغاقچىگە خەت يېزىپ، ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن پادىشاھ سەيپۇل دەۋلەنىڭ تەختى پايەسىگە قىستۇرۇپ قويۇپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگەن پېتى تىكەندەك يالغۇز چىقىپ كەتتى.



# دۆلەت ئۇستازى

سەيپۇل دەۋلە تاڭ سۈزۈلگەندە ئاندىن ئويغاندى. ئۇ ئويغىنىپ تەختى- پايەسىگە قىستۇرۇلغان باغاقچىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ھېلىقى ئەسكى كىيىم كىيگەن شەيخنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن ئۇلۇغ ئالىم فارابى ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى، «مېنىڭ ھەتتا كىچىك بالا چېغىمدىمۇ ئۇيقۇ بىلەن خۇشۇم يوق ئىدى... ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۇر.» دەپ خەت يېزىلغان باغاقچىنىڭ كەينىگە «ئەبۇ نەسىر فارابى» دەپ چىرايلىق ئىمزا قويۇلغانىدى.

سەيپۇل دەۋلە ئوچۇق چىراي، سۆزمەن، مەلۇماتلىق، تەدبىرلىك، ئىلىم ۋە سەنئەتنى سۆيىدىغان، ھەربىي ۋە سىياسىي ماھارىتى ئۈستۈن پادىشاھ ئىدى. سەيپۇل دەۋلە سارىيىغا توپلانغان شائىر- ئەدىبلەر، ئالىم- ئۆلىمالار ئىلگىرى ئۆتكەن ھەرقانداق بىر خەلىپىلىكتىن جىق ئىدى. سەيپۇل دەۋلە سارىيىدا ماھىر يازغۇچى ساھىپ ئىبنى ئەببەد ۋەزىرلىك قىلاتتى. ئەتىسى فارابىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىش تەكلىپىنى بىرىنچى بولۇپ ئەنە شۇ ۋەزىر بەردى. بۇ تەكلىپ سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر يەردىن چىقتى. سەيپۇل دەۋلە مەمەلىك باشچىلىقىدا بىر توپ چاپارمەنلەرنى فارابىنى قەيەردىن بولمىسۇن دەرھال تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا سالدى.

چاپارمەنلەر فارابىنى ئەتىگەندىن تا ناماز ئەسىرگىچە ئىزلەپ شەھەر سىرتىدىكى باغدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان يېرىدىن ئاران تاپتى. مەمىلىك تېز پۈكۈپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئالىمنى پادىشاھ سەيپۇل دەۋلەگە ۋاكالىتەن ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. فارابى مەمىلىك باشچىلىقىدىكى چاپارمەنلەرنى ئوردا ھاياتىغا كۆنەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ پادىشاھنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ يولغا سالدى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن پادىشاھ سەيپۇل دەۋلە مەمىلىكنىڭ يولباشچىلىقىدا فارابى قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان باغقا ئاتايىتەن ئۆزى كېلىپ فارابىغا تېز پۈكۈپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئوردىغا تەكلىپ قىلدى.

فارابى پادىشاھنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ يۆلەپ دىگۈدەك ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— مەندەك بىر ئاددىي پۇقراغا قىلغان تەزىملىرىگە مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر. جانابلىرىدەك ئىلىم ئەھلىگە تەزىم قىلىشنى بىلىدىغان پادىشاھنى ئۆمرۈمدە ئاز كۆرگەنمەن. دەل شۇ سەۋەبتىن جانابلىرىدەك ئېسىل پەزىلەتلىك پادىشاھلارنىڭ تەزىمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىمدىن كۆپ خىجىلمەن.

— مەن قىلىچقا تايىنىپ ئاران شىمالىي سۈرىيىنى بويسۇندۇرغان بىلەن، ئۆزلىرى قەلەمگە تايىنىپ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى بويسۇندۇردىلا! ئۆزلىرىگە مىڭ مەرتىۋە تەزىم قىلساممۇ ئازلىق قىلىدۇ.

قاراۋۇللۇق چىرىغىنىڭ يورۇقىدا يېزىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقىنىنى ۋە سەيپۇل دەۋلەنىڭ پادىشاھلاردىن كەم تېپىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى دېمىسە، فارابىنىڭ



راستتىنلا ئوردىغا يېقىن يولىغۇسى يوق ئىدى. ئۇ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىرى ئوردىغا بېرىشقا ماقۇل بولدى. باغنىڭ ئىگىسى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئىشەنمەي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان پېتى فارابىنى يەرگە باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىپ ئۇزىتىپ قالدى.

فارابى سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن سەيپۇل دەۋلە ھەپتە ئون كۈنگىچە ئالىمنىڭ شەرىپىگە كۈن ئاتلىماي زىياپەت بېرىپ تۇردى ۋە جامائەت ئالدىدا ئۇنى «دۆلەت ئۇستازى» دەپ جاكارلىدى. فارابى شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئۇستازى سۈپىتىدە خانلىقنىڭ ئىلمىي، مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلىش بىلەن بىرگە بۇ يەردە كۈنلىرىنى ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كەلگەن ئالىم ـ ئۆلىما ۋە شائىر ـ ئەدىبلەر بىلەن قىزغىن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ ئۆتكۈزدى. سەيپۇل دەۋلە ۋاقىت تاپسىلا ئۇنىڭدىن دۆلەتشۇناسلىق ۋە ھوقۇقشۇناسلىق ئىلىملىرى بويىچە ساۋاق ئېلىپ تۇردى.

— ئىنسانىيەت تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ بىر قىسمى ۋە راۋاجى. ئىجتىمائىي ھايات ھەمجەھەتلىكى پۈتكۈل ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىكنىڭ بىرقىسمى ۋە راۋاجى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالەمنىڭ تاكامۇللىشىش شەكىللىرىدىكى ئاساسلىق بىر ھالقا، — دەيتتى فارابى ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سەيپۇل دەۋلەگە بايان قىلىپ، — پەقەت ئالەم تۈزۈلمىسى ۋە تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندىلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تەرەققىياتنى، پەزىلەتنى ۋە ئادالەتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بىردەكلىك تۈزۈلمىسىدە كىچىك كائىناتقا ئىنسان

ۋەكىللىك قىلغىنىدەك، چوڭ كائىناتقا ئالەم ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى پۈتۈن پائال ئەقىل، ئىلىم - پەننىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەقىل بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئاساسىدۇر. ئەگەر كىشىلەر نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىلەن چەكلىنىپ، ئومۇم قوبۇل قىلغان گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىنى ئۆز پائالىيىتىگە تەتبىق قىلمىسا، مۇنداق ئادەت ئۇنىڭ ئومۇم قوبۇل قىلغان گۈزەللىك چۈشەنچىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاۋام خەلق پەلسەپىسى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بۇنىڭ بىرى، ئەخلاق سەنئىتى بولۇپ، بۇ تۈپەيلى ياخشى پائالىيەت ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى بىلىم ھاسىل قىلىنىدۇ. ياخشى پائالىيەت ۋە ئىقتىدار (قائىدە - نىزاملار) شۇلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ شاراپىتىدىن گۈزەللىك بىزنىڭ سۆپەتلىرىمىز بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىرى، قائىدىلەرگە دائىر بىلىم بولۇپ، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن شەھەر ئاھالىسى گۈزەللىككە مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە بۇ گۈزەللىكنى ساقلاشقا ئىقتىدارلىق بولىدۇ. بۇنى سىياسىي پەلسەپە دەپ ئاتايمىز. ئىنسانىيەت ئەقىللىق ھايۋان سۆپىتىدە تەبىئەت تاكامۇللۇقىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى مېۋىسى، ئىنسانىيەت جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، جەمئىيەت ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىجتىمائىي شەكلى. ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى پەقەت ئۇنىڭ پۈتكۈل تەبىئەت بىلەن دائىمىي ھەمجەھەتلىك مۇناسىۋىتى ئاساسىدا ساقلىنىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ پەزىلەتلىك ياكى جاھالەتلىك سۆپەتلىرىمۇ، بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل



ھەمجەھەتلىك توغرىسىدىكى پائال ئەقىلنى نەزەرىيە جەھەتتە بىلىپ يەتكەن - يەتمىگەنلىكى ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ئىزچىللاشتۇرغان - ئىزچىللاشتۇرمىغانلىقىغا باغلىق. مەيلى شەھەرلەر بولسۇن، ياكى بارلىق ئىجتىمائىي بىرلەشمىلەر بولسۇن، ئۇنىڭ قىسىملىرى ھەمجەھەتلىكتە تۇرغان بولىدۇ. سىستېما ۋە تەرتىپلەر تەبىئەتكە ماسلاشقان بولىدۇ. ئۆز تەبىئىتى بويىچە ھەرقانداق كىشى شۇنداق تۈزۈلگەنكى، ئۇ ياشاش ۋە يۈكسەك كامالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، ئېھتىياجلىق بۇ نەرسىلەرنى يالغۇز ئۆزىلا ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ بۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىنى تەق قىلالايدىغان ئادەملەر بىرلەشمىسىگە ئۇيۇشۇشقا موھتاجدۇر. بۇ جەھەتتە ھەربىر كىشى باشقىلارغا نىسبەتەنمۇ خۇددى شۇنداق ھالەتتە بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، پەقەتلا بىر - بىرىگە ھەمكارلاشقۇچى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىرلەشمىسى ئارقىلىقلا ھەربىر كىشى باشقىلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىنى يارىتىشقا مۇئەييەن دەرىجىدە ھەسسە قوشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئىنسانىيەت كۆزلىگەن كامالەتكە ئېرىشەلەيدىغان بولىدۇ. بۇ بىرلەشمىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ھەمجەھەتلىك پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ياشاشقا ۋە كامالەتكە ئېرىشىشكە زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ ئىنسان ئەۋلادى زېمىننىڭ ئولتۇراقلىشىشقا بولىدىغان قىسمىغا جايلىشىپ كۆپىيىپ باردى، نەتىجىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەيدانغا كەلدى. ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەبىئىتى بويىچە جەمئىيەتنىڭ بىر

ئەزاسى سۈپىتىدە باراۋەردۇر. ئۇنىڭ جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇش زۆرۈرىيەتلىرى، ماددىي - مەنىۋى ئېھتىياجلىرى، ئۆزئارا ياردىمى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەمجەھەتلىكىدىكى ئورنى ۋە ھەسسىسى باراۋەر بولىدۇ. ھاكىملىق ۋە مەھكۇملۇق مۇناسىۋىتى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى، جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي پرىنسىپلىرىغا، جۈملىدىن ئەقىل ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا زىت ھادىسە. ساغلام، پەزىلەتلىك دۆلەت قۇللۇقتىن خالىي، ئەمما باش ئورگان ۋە دۆلەت خادىملىرىغا ئىگە بولغان بولۇشى، دۆلەت خادىملىرى خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ۋە سەنئىتىگە ئىگە بولۇشى، قىسقىسى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ماھىيىتىگە ئويغۇن بولۇشى لازىم. نۆۋەتتە شەھەرلەر ئارقىلىق ئەڭ چوڭ بەخت - سائادەت ۋە يۈكسەك كامالەتكە ئېرىشىش مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئەڭ تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغان جەمئىيەت ئارقىلىق بۇنىڭغا ئېرىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بەخت - سائادەتنىڭ ماھىيىتى ئەمەلدە ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئۇنىڭغا خاھىش ۋە ئەركىن تاللاش بىلەن ئېرىشىلىدۇ. بارلىق شەھەرلەر بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى مۇمكىن. پەزىلەت ئەقىلنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، نادانلىقتىن پەزىلەت كۈتكىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئەقىللىق ئادەم پەزىلەتلىك ئادەمدۇر. پەزىلەتنىڭ ئەقىل - پاراسەتنى شەرت قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەقىل - پاراسەت بىلىش، پەرق ئېتىش، تاللاش ۋە رەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. خاھىش ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ئارقىلىق ئاڭلىقلىققا كۆتۈرۈلىدۇ. تاللاش پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر. چۈنكى تاللاش ئەقلىي بىلىشكە



تايىنىدىغان مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىرادىگە ئاساسلانغان. ۋەھالەنكى، ياخشى ياكى يامان ھەرىكەت پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر. ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىك ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىككە، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىردەكلىكىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە زىت بولغان ۋەھشىيانە ئىللەت ۋە كېسەللىكتۇر. پەزىلەتلىك جەمئىيەت مۇكەممەل ۋە ھەمجەھەتلىككە ئىگە بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسى بولىدۇ. ئۇ باش ئورگان بولۇشى لازىم. باش ئورگان يۈرەكتىن تەشكىل تاپىدۇ. باشقا ئورگانلار ئۆز دەرىجىسى بويىچە بۇ باش ئورگانغا بېقىنىلىشىپ، تەبىئىي تەقسىملەنگەن مۇئەييەن ئىقتىدارى ئارقىلىق باش ئورگاننىڭ تەبىئىي مەقسىتىگە ماسلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆز پائالىيىتىنى بېجىرىشىگە ياردەملىشىدۇ. بۇ باش ئورگاننىڭ پەيلاسوپ رەئىسى بولۇشى لازىم. ئۇلار ئاھالە ئارىسىدىن بەلگىلەنگەن شەرت بويىچە تاللاپ چىقىلىشى لازىم. ئۇ كامالەتكە، كۈچلۈك پاراسەتكە ۋە ئەمەلىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان ئىنسان بولۇشى كېرەك. ئۇ تەبىئىي يول بىلەن ئېرىشكەن تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئارقىلىق بىزگە كامالەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى كېرەك. پەزىلەتلىك شەھەر رەئىسى ساغلام ۋە قۇۋۋەتلىك، ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئۆتەشكە مۇۋاپىق بولۇشى؛ تېز چۈشەنچە ھاسىل قىلالايدىغان، چۈشەنچىلىرىنى سۆز بىلەن ئىپادىلىيەلەيدىغان ۋە ئاڭلىغانلىرىنى تېز پىكىر قىلالايدىغان بولۇشى؛ كۆرگەن - ئاڭلىغان ۋە ئېيتقانلىرىنى ئەستە ياخشى تۇتالايدىغان

بولۇشى؛ بايقاپ بىلىش ۋە يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالنىڭ ئازغىنا ئالامەتلىرىنى كۆرگەن ھامان تېزلىكتە ئۇنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان پاراسەتكە ئىگە بولۇشى؛ ئويلىغان پىكىرلىرىنى ھېسسىياتلىق تەلەپپۇز بىلەن روشەن ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇشى؛ ئۆگىنىشكە ۋە ئىلىمگە مۇھەببەت باغلىغان، ئۇنى تېز ئىگىلەيدىغان، ئۇنى سىناپ كۆرۈشتىن زېرىكمەيدىغان بولۇشى لازىم؛ تاماقتا، ئىچىملىكتە ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئۆزىنى تۇتقان، كەيپ - ساپادىن يىراق بولۇشى؛ ھەقىقەتنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىدىغان، ساختىلىقتا يېقىنلاشماي، ئۇنى يامان كۆرىدىغان بولۇشى؛ غۇرۇرى بار، پاكلىقنى قەدىرلەيدىغان بولۇشى؛ پۇلغا ۋە ماددىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە قىزىقمايدىغان بولۇشى؛ ئادالەتپەرۋەر ۋە ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىدىغان بولۇپ، ئادالەتسىزلىكنى ۋە زالىملىقنى يامان كۆرىدىغان بولۇشى؛ ئۆز خەلقى ۋە يات خەلقلەرگە بىردەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇشى؛ ناھەقلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ھەممىنى ياخشىلىققا ۋە گۈزەللىككە ئېرىشتۈرىدىغان بولۇشى لازىم. پەزىلەتلىك شەھەر رەئىسى ھېچبولمىغاندا ئەقەللىي ئالتە تۈرلۈك شەرتنى ھازىرلىشى لازىم: بىرىنچى، پەيلاسوپ بولۇشى؛ ئىككىنچى، ئۆتكەنكى ئىماملار دەۋرىدە يۈرگۈزۈلگەن قانۇن - نىزام ۋە قائىدىلەرنى ئەستە تۇتقان، ئۇنىڭدىن ئۆز پائالىيىتىدە پايدىلىنالايدىغان بولۇشى؛ ئۈچىنچى، ئۆتكەنكى ئىماملار دەۋرىدە قوللىنىلغان قانۇنلارنى ئەستە ساقلاپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا ئىجادىي ئىستىبدات بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان بولۇشى؛ تۆتىنچى،



يىراقنى كۆرەر ۋە چېچەن بولۇپ، شەيئىلەردىكى مەۋجۇت ئەھۋال ۋە بولغۇسى ھادىسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغان بولۇشى، پۈتۈن مەقسىتى ۋە پائالىيىتىنى شەھەر پاراۋانلىقىغا قارىتىدىغان بولۇشى؛ بەشىنچى، ئۆتكەنكى ئىماملار ۋە ئۆزى تۈزگەن قانۇنلار ئاساسىدا كىشىلەرنى يېتەكلىشى ۋە ئۈلگە بولۇشى؛ جىسمانىي جەھەتتە قۇۋۋەتلىك بولۇشى ۋە چوقۇم جەڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، ئۇرۇش سەنئىتىنى خۇددى خىزمەت ۋە ھۆكۈمەتچىلىك سەنئىتىدەك بىلىدىغان بولۇشى لازىم. پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ رەئىسلىرى بىرقانچە كىشى؛ ھەتتا بىر رەھبەرلىك تۈركۈمى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر بارلىق سۈپەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئۇنداق كىشى تېپىلمىسا، ئۇلار ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى پەيلاسوپ، يەنە بىرى باشقا شەرتلەرگە ئىگە بولسا، بۇ ئىككىسى شەھەر باشلىقى بولسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ سۈپەتلەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئادەملەردە ئورتاق بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى پەيلاسوپ، ئىككىنچىسى يەنە بىر خىل سۈپەت ئىگىسى، ئۈچىنچىسى يەنە بىر خىل، تۆتىنچىسى يەنە بىر خىل، بەشىنچىسى يەنە بىر خىل، ئالتىنچىسى يەنە بىر خىل سۈپەت ئىگىسى بولغان ۋە ئۇلار ئۆزئارا كېلىشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقى بولالايدۇ. مۇنداق رەھبەرلەر بولمىسا، بولۇپمۇ پەيلاسوپ شەھەر باشلىقى بولمىسا، شەھەر بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئېغىر خىياللارغا پاتتى. ئۇنىڭ فارابىغا بولغان ئىخلاسى ھەسسىلەپ ئېشىپ بارماقتا ئىدى.

فارابى ئوردىغا كىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي داڭقى ئەرەب دۇنياسىغا پۇر كەتكەن مەشھۇر شائىر ئەبۇ تەييىب ئەل مۇتەنەببى بىلەن قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنى ئۇستاز تۇتقاندىن كىيىن ئۇنىڭغا ئوردا خەزىنىسىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ كۆرستىپ خالىغانچە تەمىنلىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. فارابى بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى. سەيپۇل دەۋلە ئۇنىڭغا يۇقىرى مائاش بەلگىلەپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، فارابى يەنە ئۇنىمىدى:

— مائاش ئالسام ئالاي، ئەمما ئالىدىغان مائاشىنىڭ مىقدارىنى ئۆزۈم بەلگىلەپ ئەتە جاۋابىنى بىرەي، — دېدى فارابى سەيپۇل دەۋلەنىڭ تەكلىپىگە كۈتۈلمىگەن جاۋابنى بىرىپ.

فارابى ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇدۇل دەمەشق شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئاياغ تىككۇچىلەرنىڭ ئارىسىغا بىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراق بىرسىدىن كۈنىگە نەچچە دەرھەم كىرىم قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ھېلىقى موزدۇز كۈنىگە ئىككى دەرھەم كىرىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. فارابى بازاردىن قايتىپ كىلىپلا سەيپۇل دەۋلەگە ئۆزىنىڭ تۆت دەرھەم مائاش ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەيپۇل دەۋلە ئۆزىنىڭ بىر ۋاخ ناشتىلىق تامىقىغىمۇ چىقىش قىلمايدىغان پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بۇ ساننى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، ئەمما رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ ئالىمنىڭ قىلغان گىپىدىن پەقەت يانغىلى ئۇنىمايدىغان جاھىل مىجەزىنى ئوبدان بىلىپ قالغانىدى. بۇ پۇل فارابى ئۈچۈن تولىمۇ ئەرزىمەس بولسىمۇ، ئۇ پىيادە يول مېڭىپ ۋە ساددا ياشاپ



ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. سەيپۇل دەۋلەنىڭ ۋەزىرى ساھىپ ئىبنى ئەببەد فارابىغا بەزى تەلەپلەرنى قويۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئالدىغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى قويغانىدى، فارابى ئۇنىڭ تەلەپلىرى ۋە سوۋغىلىرىنى بىراقلا رەت قىلدى.

ئارىدا ساھىپ ئىبنى ئەببەد فارابىنى نۇرغۇن مېھمانلار بىلەن بىللە تېھران شەھىرىگە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. فارابى تېھراندا مۇزىكا ئەسۋابى قىلىشقا تېگىشلىك ياغاچنى شىلىپ، ئۇنىڭدىن تۇنجى قېتىم غىجەك چالغۇسىنى ياساپ، بۇ يېڭىچە سازنىڭ ئۇستىگە «خەير خوش» دېگەن خەتنى ئويۇپ قويدى. بەزمە تازا ئەۋجىگە چىققاندا ساھىپخانىلار يېڭى ياسالغان غىجەك سازنى چالىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، تەرەپ - تەرەپتىن فارابىنى ئىزلەشتى. ئەنە شۇ چاغدىلا فارابىنىڭ ئاللىبۇرۇن دەمەشققە قايتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

فارابى سەيپۇل دەۋلە ھۇزۇرىدا بىر يىلدەك تۇرۇپ قالدى. فارابى بۇ دەۋردە گەرچە سەيپۇل دەۋلەنىڭ ھامىيلىقىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنى سىياسىي ئىشلار ۋە خۇسۇسىي پاراغەتتىن يىراق تۇتۇپ، ۋاقتىنى قەدىرلەپ جىددىي ئىشلىدى.

# پىشماي قالغان سىر

فارابى 948 ـ يىلى دەمەشقتىن چىقىپ ئىخشىدى شەھىرىگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمايلا ئىسمائىلىزم پىكىر ئېقىمى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ كېتىۋاتقان مىسىرغا كېلىپ توختىدى. فارابى مىسىردا نۇرغۇن ئالىملار بىلەن تونۇشتى، ئىلمىي لېكسىيىلەر ئوقۇدى ۋە بىرقاتار ئىلمىي بەس ـ مۇنازىرىلەردە ئۇستۇنلۇك ئېلىپ، زور ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولدى. فارابى مىسىردىمۇ ئۇزاق تۇرماي يەنە دەمەشققە قايتىپ كەلدى.

فارابى 80 ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي خېلىلا تەمبەل ۋە ساغلام ئىدى. بويىنىڭ پاكار ۋە قىرىپ قالغان بولۇشىغاقارىماي سەيپۇل دەۋلە سوۋغا قىلغان پەرغانە ئارغىمىقىغا ياشقىلارنى يۆلىگىلى سالماي مىنەلەيتتى. 80 ياشلىق فارابى يەنىلا ياش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا ۋەزمىن، ئۆتكۈر، تېتىك بولۇپ، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرىلىقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ تېزلىكى، ئالدىن بايقاپ بىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۇستۇنلۇكى، مۇھاكىمە ۋە نۇتقىنىڭ مەنتىقلىقلىقى ۋە ئوبرازلىقلىقى بىلەن ھەرقانداق كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. فارابى يۇرەكلىك، قورقماس بولۇپ، ئىجتىمائىي بىسىم، تۇرمۇش غۇربەتچىلىكى، رەقىبلەرنىڭ تەنىسى ۋە سەييارە لېكسىيە سۆزلەش جەريانىدىكى سەپەر ئازابى ئالدىدا قىلچە باش ئەگمەي ئۆتۈپ



كەتكەنىدى. ئەل ئۆمرىدە مەنسەپ ۋە راھەت ـ پاراغەتكە قىزىقمىغانىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئىلغار كۆزقاراشلىرىدىن زادىلا يالتايمىدى ۋە ھەقىقەت يولىدىكى جاپالىق كۈرەشنى بىرەر مىنۇتمۇ توختاتمىدى.

فارابى ئىنتايىن كەمتەر ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن دائىم: «سىز ئۇلۇغ ئالىممۇ ياكى ئارىستوتېلمۇ؟» دەپ سورىغاندا، فارابى ئىزچىل ھالدا: «ئەگەر مەن ئارىستوتېل زامانىدا ياشىغان بولسام، ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتلىرىدىن بولغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

فارابى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگەنگەن بىلىملىرىگە قانائەتلەنمىدى، ئۆگىنىش ۋە ئىزلىنىشنى زادىلا توختاتمىدى. فارابى ئۆز يۇرتىدىن قايتىپ كېلىپمۇ ئۆگىنىش ۋە ئىزلىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆيلەنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

ئەبۇ نەسىر فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مائارىپچىسى سۈپىتىدە ئۆز ئۆمرىدە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى. ئۇنىڭ يالغۇز شامدىلا ئون مىڭ ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. فارابىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدىن پۈتكۈل ئىسلامىيەت شەرقىگە تونۇلغان مەشھۇر ئالىملاردىن نۇرغۇنلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەرراندىكى ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇرى خرىستىئان دىنىنىڭ ياقۇپ مەزھىپىدىن بولغان ئەبۇ زەكەرىيە يەھيا ئىبنى ئەدى ئىدى. يەھيا ئىبنى ئەدىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدىنمۇ بىرمۇنچە مەشھۇر ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى.

فارابى شەھەرلەرنى ئارىلاپ، ھەتتا يىراق ـ يىراق مەملىكەتلەرگە بېرىپ سەييارە لېكسىيە سۆزلەشنى پەقەت

قولدىن بەرمىگەنىدى: يۇرت ـ يۇرت ۋە شەھەر ـ شەھەرلەردە ئىلمىي سۆھبەت ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ، ئۆز تەلىماتلىرىنى دەۋر تەقەززاسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بايان قىلىپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ بارغانلا جايدا كۆرگىنى ھاكىمىيەتتىن نارازى بولغان خەلقنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى، ھاكىمىيەتتىكى چىرىكلىك، ئىچكى نىزالار ئىدى. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ، باغداتتىمۇ، سۈرىيەدىمۇ، مىسىردىمۇ ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلمەتنىڭ ھەممە دەھشەتلىك تۈرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇڭا، ئۇ كۆرگەنلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق شېئىر يازغانىدى:

ھەر چېكىنگەن دەمدە تەتۈر بۇ زامان — دەۋرانىغا،
سەن قىلىپ سۆھبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل ئارمانىغا؛
بارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قانقان توگەل،
ھەممە باشقا دەرد يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا؟

فارابى تىنىمسىز ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەسىدە غايەت زور ئىلمىي مىراس قالدۇرۇپ ئۆتتى. فارابى ئۆز ئۆمرىدە بىر يۈز ئاتمىش پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازدى. ئۇ بەزى ئەسەرلىرىدە ئارىستوتېل ۋە قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى ئىجادىي شەرھلەپ جارى قىلدۇرغان بولسا، يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇستەقىل ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر بىلەن بايان قىلىپ چىقتى. فارابىنىڭ ئارىستوتېل، ئېۋكلىد، پىتولىمى، پورفىرى قاتارلىق گرېك پەيلاسوپ



ۋە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا يازغان شەرھلىرى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا ئىشلەش، قايتا ئىزاھلاش، ئېنىقسىزلىقلارنى روشەنلەشتۈرۈپ، نۇقسانلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق پۈتۈنلەي يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. فارابى بۇخىل شەرھى ئەسەرلىرىدە قەدىمكى گرېك ئىلغار كۆز قاراشلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى يېڭى پىكىر ۋە پاكىتلار بىلەن راۋاجلاندۇردى. فارابىنىڭ قارىشىچە، ئارىستوتېل ۋە قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى بۇنداق ئىجادىي شەرھلەش ئۇنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش ئىشىنىڭ پەقەت باشلىنىشىلا ئىدى. فارابىنىڭ مەقسىتى ئارىستوتېلنىڭ ئىلغار ئىلمىي، پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىغا تەتبىق قىلىش، شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق مۇنەۋۋەر ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پەلسەپەۋى جەھەتتىن يەكۈنلەش، ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرقاتار تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى مەسىلىلەرگە ئىمكانقەدەر توغرا جاۋاب بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. فارابى بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ بىرقاتار مۇستەقىل ئىدىيەلىرىنى ئالغا سۈرگەن ئەسەرلىرى بىلەن ئورۇنلاپ، ئۆز پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى ياراتتى. فارابىنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى سىستېمىسى ئىسلامىيەت شەرقىدە تەبىئەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يېڭى يول ئاچتى.

ئەرەب ئىلغار ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى زور مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى فارابىدىن باشلانغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي فارابى ئىسلام روھانىيلىرى ۋە جاھالەت ھامىيلىرى تەرىپىدىن «دەھرى» دېگەن ناملار بىلەن ئەيىبلەندى، ھاقارەتلەندى ۋە كىتابلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆز دەۋرىدە ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە كەڭ ئىلىم ئەھلى ۋە جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ناھايىتى زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى قايسى مىللەت ۋە قايسى مەملىكەتتە ئاپىرىدە بولمىسۇن، ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قارايتتى.

فارابى ئۆز دەۋرىنى ، جۈملىدىن ئۆز بىلىملىرىنى تارىخ ۋە بىلىم تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى دەپ جاكارلىماي، تولىمۇ ئىپتىدائىي بىر بالداق، ھەتتا ئالەم سىرلىرىنى ئاچالمىغان بىر بالداق دەپ ھېسابلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر رۇبائىيسىدا تولىمۇ چىنلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

مەۋجۇتلۇق سىرلىرى خام ـ پىشماي قالدى،
بۇ قىممەت دۇر يېپقا تىزىلماي قالدى؛
ھەركىم ئۆز ئەقلىچە بىر سۆز دېدىيۇ،
ئەمما ئەسلىي سىر ھېچ ئېچىلماي قالدى.

فارابىنىڭ قارىشىچە، تېخى ئالەمدىكى مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ سىر ۋە قانۇنىيەتلىرى يېشىلمىگەن،



كىشىلەر ئالەم سىرلىرىنى بىلىش يولىدا كۆپ ئىزلەنگەن بولسىمۇ، بىلىش تېخى ئاخىرقى پەللىگە يەتمىگەنىدى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت جەڭچىسى ئەبۇ نەسىر فارابى مىلادىيە 950 ـ يىلى ماھى رەجەپ (دېكابىر ئېيى) نىڭ بىر كۈنى دەمەشقتىن بەلخكە سەييارە لېكسىيە سۆزلىگىلى كېتىۋاتقاندا، دەمەشققە يېقىن بىر جايدا مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىرىنىڭ زور مال ـ دۇنيا ۋەدە قىلىپ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەن قوراللىق باندىتلار تەرىپىدىن ۋاقىتسىز ئۆلتۈرۈۋېتىلدى! ئۇ سەكراتتا جان تالىشىۋاتقان چېغىدا مەنسۇر ھەللاجنىڭ دارغا ئېسىلىۋاتقان سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا نامايان بولدى. بۇ چاغدا ئالىم سەكسەن ياشتىن ئاشقانىدى.

ئالىمنىڭ جەسىتىنى بىرىنچى بولۇپ يەنە ئەسقالاندىن دەمەشققە قايتىپ كېلىۋاتقان سەيپۇل دەۋلە بايقىدى ۋە بۇ ئۇلۇغ ئۇستازىنىڭ جەستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، يۈزلىرىنى كاچاتلاپ تۇرۇپ خۇدىنى يوقاتقۇچە قان ـ يامغۇر يىغلىدى!

شۇ كۈنى سەيپۇل دەۋلە رەسمىي ماتەم لىباسى كىيىپ، ئالىمنىڭ جەسىتىنى تۆت خەۋۋاس بىلەن گۆر لەخمىسىگە ئېلىپ كىرىپ، تېگىشلىك دەبدەبە بىلەن دەپنە قىلدى. فارابىنىڭ قەبرىسى دەمەشق شەھەر سىپىلىنىڭ «بەبەس سەغىر» دەرۋازىسى يېنىدىن ئورۇن ئالدى. فارابىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا روھانىيلار قاتناشمىدى. ئالىمنى پەقەت سەيپۇل دەۋلەنىڭ يېقىنلىرىلا مۇسۇلمانلىق دەپنە رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ ئاخىرەتلىككە ئۇزاتتى. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتمەيلا سەيپۇل دەۋلە قەھرى ـ غەزىپىگە پايلىماي باندىتلارنى

قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن يىڭنە ئىزلىگەندەك ئىزلەپ يۈرۈپ تۇتۇپ، فارابىنىڭ جەستى قويۇلغان «بەبەس سەغىر» مەيدانى يېنىدىكى بىر توپ جىگدىلەرگە مىخلاپ، پۈتكۈل باغدات جامائەتچىلىكىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپ جازالىدى. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ۋاقىتسىز قازا قىلغان ئالىمنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايتتى!

شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئىنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا، پەن - مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ ئالەمدىن ئۆتتى! شەرقنىڭ ئەڭ ئالىي پەيلاسوپى ۋە ئارىستوتىلچىسى ئەبۇ نەسىر فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ۋەكىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر پۈتۈن دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. «شەرق ئارىستوتىلى» ، «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان فارابى شەرق دۇنياسى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى. ئۇ پەلسەپىگە ئۇل سالدى ۋە پەلسەپىدىكى ھەرقايسى ئىلىملەرنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان شەرق پەيلاسوپلىرى ئىدىيىسى ئىچىدە ئۇنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان ئىدىيە يوق دېيەرلىك. ئۇ پەلسەپە تارىخى ۋە ھەرقايسى مەزھەپلەر پەيلاسوپلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن ئادەم. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭ شۆھرىتى ھەرگىز پەلسەپە ساھەسىدىكى ئورنىدىن تۆۋەن ئەمەس. پەلسەپە سوقرات، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىلنىڭ قولىدا دۇنياغا كېلىپ، تا فارابى دەۋرىگە كەلگۈچە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي



مەسىلىلەر پەلسەپە ئويلىشىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. فارابى غايەت زور ئەمگەك سىڭدۈرۈپ بۇ ئىشنى پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدا دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۇتتۇقلۇق تاماملىغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ قالدى. فارابىنىڭ قانچىلىك تەسىرى بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغانلارغا ئىبنى سىنادەك ھاكاۋۇر، چوڭچى، ھەتتا ئەپلاتوننىڭ پەلسەپىسىمۇ ئۇنچىۋالا ۋاي دەپ كېتىشكە ئەرزىمەيدۇ، دەپ باھا بەرگەن ئادەمنىڭ فارابىنىڭ ئالدىدىكى كەمتەرلىكىنى ئىشارە قىلىشلا كۇپايە. ئىبنى سىنا ئۇستازىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان ئوقۇغۇچىدەك: « مەن ئارىستوتىلنىڭ مېتافىزىكىسىنى 40 قېتىم ئوقۇپ ئازراقمۇ ھەزىم قىلالمىدىم. پەقەت فارابىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان شەرھى ئەسىرى قولۇمغا چىقىشى بىلەنلا زېھنىم ۋاڭڭىدە ئېچىلىپ كەتتى» دەپ، فارابىنىڭ ئۆز ئۇستازى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. فارابى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىدا دۇنيانىڭ ماددىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەڭرىنى تەبىئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلايدىغان پانتېئىزملىق بىر پۈتۈن دۇنيا قارىشىنى تەبىئەت ئىلمىي، بىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى قۇللۇقنىڭ پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بولغان توسالغۇلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا ئىنتىلدى. ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ماددىلىقى، ماددىنىڭ يوقالماسلىقى، دۇنيانىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك ۋە قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكى، ئالەمنى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكى، ئىلىم - پەننىڭ مۇھىملىقى ۋە

ئىجتىمائىي باراۋەرلىك توغرىسىدىكى شانلىق ئىدىيىسى مەلۇم ماتېرىيالىستىك خاھىشتىكى ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يارقىن نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئىبىن سىنا، ئۆمەر ھەييام قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئارقىلىق ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ۋە ياۋروپا پانتېئىزمغا كۈچلۈك ئىدىيىۋى تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، فارابىنى كۆپلىگەن ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرى «ئىدىيە ئازادلىق مۇتەپەككۇرى»، «ئىلىم ـ پەن قەھرىمانى»، «روھىي ئەركىنلىك، تەرەققىپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزم ئۈچۈن كۈرەشكۈچى جەڭچى» دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەشمەكتە!



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ـ 1
(4)
شەرقنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى ــ **فارابى**

ئاپتورى: باتۇر روزى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 3.375
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 7—228—08031—0
ئومۇمىي باھاسى (1—5) : 30.00 يۈەن
(يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن)